# ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىق نىزامى

سەييىد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى

تەرجىمە قىلغۇچى: تەۋپىقى



www.merifet.net

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

1. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي نىزامى............ 4

2. ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي نىزامى............12

3. ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي نىزامى.........18

4. ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي نىزامى..........24

5. ئىسلام دىنىنىڭ روھانىي نىزامى..............30

# ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى نىزامى

ئىنسانىنىڭ ئەخلاقىِ تۈيغۇسى تەبئى تۈيغۇلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بەزى سۆ پەتلەرنى ياقتۇرسا يەنە بەزىلىرىنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ خىل تۈيغۇ بەزى كىشلەردە ئاز ۋە بەزى كىشلەردە كۆپ بولسىمۇ ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ تۈيغۇلىرى ھەمىشە بەزى ئەخلاقى سۆ پەتلەرنى گۈزەل ۋە بەزىسىنى ناچار دەپ ھۆكۈم قىلىپ كەلگەن.

ئەزەلدىن ئىنسانلار راستچىللىق، ئادىللىق، ئامانەتكە خيانەت قىلماسلىق ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى داۋاملىق مەدھىيگە لايىق گۈزەل ئەخلاقلار جۈملىسىدىن دەپ قاراپ كەلگەن . ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەسىرلەردىن بۇيان يالغانچىلىق، زالىملىق، ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق، ۋە خيانەتكارلىق مەدھىيلەنگەن ھېچ قانداق دەۋرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. كۆ يۈ مچانلىق، رەھىمدىللىك، سېخىلىق، ۋە كەڭ قورساقلىق ئەخلاقى قىممەتلەر ئەزەلدىن قەدىرلىنىپ كەلگەن. ئەمما نەپسانىيەتچىلىك، باغرى تاشلىق، بېخىللىق، ۋە ئىچى تارلىق دېگەندەك ئىللەتلەر ھېچ قاچان قەدىرلەنگەن ئەمەس. ئىنسانلار سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق، ساباتلىق، تەمكىنلىك، پىداكارلىق، شجائەت ۋە ئالى ھىممەتلىك سۆپەتلەرگە ھەمىشە ئالاھىدە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ كەلگەن. سەۋرىسىزلىك، ئالدىراقسانلىق، ساباتسىزلىق، رەڭۋازلىق، ھىممەتسىزلىك ۋە قورقۇنچاقلىق سۆ پەتلىرىگە ھېچ قاچان تەھسىن - ئاپىرىن گۈللىرى چېچىلغان ئەمەس. ئۆزىنى تۇتىۋېلىش، نەپسىنى يېڭىش، غەيرەتلىك، مەدەنىيەتلىك، ئۆ لپەتلىك ۋە چىقىشقاق بولۇش ئەزەلدىن چىرايلىق خۇلقلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ھېچ ۋاقىتتا ئۆز نەپسىنىڭ قۇلى بولۇش، پەسلىك، ئەدەپسىزلىك، ۋە ئوسال خۇلقلار گۈزەل ئەخلاق بابىدىن ئورۇن ئالغان ئەمەس. مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ، ئاكتىپچانلىق، ۋە ئۆز مەسئۇلىيەتنى ھىس قىلىشتەك سۆ پەتلەر ھەمىشە ئىززەتلەنگەن. مەجبۇرىيتىنى ئادا قىلمايدىغان ، مەسئۇلىيەتسىز ۋە ۋاپاسىز كىشلەر ھېچ قاچان ئىززەتلەنمىگەن. شۇنىڭدەك ئىجتىمائى ھاياتتىكى ئېسىل ۋە رەزىل سۆ پەتلەرگە ئىنسانىيەت بىردەك ئوخشاش كۆز بىلەن قاراپ، بىر مىزان بىلەن ئۆلچەپ كەلگەن.

بىرلىك، تەرتىپ- ئىنتىزامچانلىق، ئۆز-ئارا ياردەملىشىش، خەيىرخاھلىق قىلىش، دوستانىلىق، ئىجتىمائى ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئۆ ستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت ھەمىشە قەدىرلەشكە لايىق بولۇپ كەلگەن. ئىتتىپاقسىزلىق، چېچىلاڭغۇ، پاتپاراقچىلىق، ئىنتىزامسىزلىق ۋە تەرتىپسىزلىك، ئۆز- ئارا دۈشمەنلىشىش، ھەسەتخورلۇق، زالىملىق ۋە ئىنساپسىزلىقلارنى ئىجتىمائى ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن دەپ قارالغان ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ۋە يامان ئىشلارغا بولغان كۆز قاراش مەسلەن: ئوغۇرلۇق، زىناخورلۇق، قاتىللىق، قاراقچىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، ئالدامچىلىق ۋە پارىخورلۇق ئىشلىرى ھېچ قاچان ياخشى ئىشلار دەپ تونۇلغان ئەمەس.



www.merifet.net

شۇنداقلا ئاغزى يامانلىق، دىل ئازارى، غەيۋەت، گەپ توشۇش، چىقىمچىلىق، بۆھتان چاپلاش ۋە چىقىمچىلىق، زىمىندا پىتنە- پاسات تېرىش قاتارلىق تىل ئاپەتلىرى ھېچ قاچان ئىززەت -ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالمىغاندەك؛ مەككار، ھىيلىگەر، تەكەببۇر ، رىياخۇر، مۇناپىق، ئاچكۆز كىشىلەر ھېچ ۋاقىت ئالىيجاناپ كىشىلەر قاتارىدا سانالغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاتا-ئانىغا خىزمەت، ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ياردەم، ھەقەمسايىلەرگە ياخشى مۇئامىلە، دوستلارغا ھەمدەم، يېتىم- يېسىرلارغا باش- پاناھ، كىسەل ئاجىز كىشىلەرگە يار- يۆلەك ۋە دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ھەمىشە ياخشى ئىشلار قاتارىدا سانىلىپ كەلگەن. پاك، ئىپپەتلىك، ئاقكۆڭۈل، ئوچۇق سۆزلۈك ، چىقىشقاق ، خۇش-چىراي كىشىلەر ھەمىشە ئىززەت- ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. قىسقىسى ئىنسانىيەت پەقەت سۆزلىرىدە راستچىل، ھەر بىر ئىشتا ئىشەنچلىك، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش، ئۆز ئىشىغا پۇختا ، ئۆزىنىڭ ھەققى ۋە نېسىۋىلىرىگە قانائەت قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرايدىغان، ئۆزى تىنچ-ئامان ياشايدىغان ۋە باشقىلارنىمۇ تىنچ-ئامان ياشىغىلى قويىدىغان ، باشقىلار ئۇنىڭدىن ياخشىلىقنىلا كۈتىدىغان، زىيان- زەخمىتى يېتىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان ئادەملەرنى ئەزەلدىن ئىززەت- ھۆرمەت قىلىشقا لايىق ئالىيجاناپ، ياخشى كىشىلەر قاتارىدا ساناپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى ئىنسانى ئەخلاق بولسا ئەسلىدە ھەممە ئىنسان بىلىدىغان ئۇنىۋىرسال ھەقىقەتلەر بولۇپ ئۇلارنى تونۇشلۇق ئىشلار جۈملىسىدىن دەپ قاراپ كەلگەن. ياخشىلىق ۋە يامانلىق بولسا ئىزدەش ۋە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىدىغان ئالاھىدە مەسىلە بولماستىن بەلكى ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ۋە تونۇيدىغان خۇلق بولۇپ قەلىب ۋە ھىسىياتلارغا سىڭىپ كەتكەن. مانا قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ تىلىدا ياخشىلىقنى ( مەئرۇف )، يامانلىقنى ( مۇنكەر ) دەپ ئاتىشىنىڭ سەۋەبى. ياخشىلىق بۇلسا ھەممە ئادەم ئۇبدان بىلىدىغان، قىزىقىدىغان، ۋە ياقتۇرىدىغان خىسلەتتۇر. يامانلىق بۇلسا ھېچ ئادەم ياخشى ئىشلار جۈملىسىدىن دەپ تونومايدىغان، يىرگىنىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان ئىللەتتۇر. مۇشۇ ھەقىقەتنى قۇرئان كەرىم شۇنداق بايان قىلىدۇ: «فَأَلهمها فجورها وتقواها» تەرجىمىسى: «ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى». (سۈرە شەمس 8 - ئايەت). بۇنىڭدىن مۇنداق سوئال پەيدا بولىدۇ:

## دۇنيادىكى ھەرخىل ئەخلاقى تۈزۈملەر نېمە ئۈچۈن؟

ئەگەر گۈزەل ۋە ناچار ئەخلاقلار دۇنيادا ھەممىگە تونۇشلۇق مەلۇم ئىشلاردىن بولسا، ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت بەزى سۈپەتلەرنىڭ ئېسىل ۋە بەزى سۈپەتلەرنىڭ رەزىل ئىكەنلىكىگە ئوخشاش پىكىر، ئوخشاش كۆز قاراش بىلەن قاراپ كەلگەن تۇرسا بۇ دۇنيادىكى ھەرخىل ئەخلاقى تۈزۈملەر نېمە ئۈچۈن؟ نېمىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر بولىدۇ؟ نىمە سەۋەپتىن بەزىسى بەزىسىدىن ئايرىم بولىدۇ؟ نېمىگە ئاساسلىنىپ ئىسلامدا ئۆزىگە خاس ئەخلاقى نىزام بار دەيمىز؟ ئەخلاق جەھەتتىكى ئىسلامنىڭ بۇ نىزامنى باشقا نىزاملاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى قايسى؟

1. بۇ مەسىلىنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن بىز دۇنيادىكى ھەرخىل ئەخلاقى نىزاملارغا نەزەر سالىدىغان بولساق بىرىنچى قېتىملىق نەزەردە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا ھەر خىل ئەخلاقى سۈپەتلەرنى ھاياتنىڭ مەجمۇئى نىزامىدا ئۇنىڭ چەك-چېگرىسى، دەرىجىسى، ۋە ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنى بەلگىلەشتە ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتورىسىنى موۋاپىقلاشتۇرۇشتا بىرسى يەنە بىرسىدىن پەرقلىق بۇلىدىغانلىقى كىلىدۇ.

2. چوڭقۇر دىققەت بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق بىزگە بۇ پەرقنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە ئەخلاقى گۈزەللىك ۋە رەزىللىك ئۆلچىمىنى تەيىنلەش ۋە ياخشىلىقنى يامانلىقتىن ئايرىپ بىلىشتىكى ۋاستىنى بەلگىلەشتە بىرى يانا بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ.

3. ئىنساننى ئەخلاقى نىزاملارغا بويسۇنۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان بىر خىل ئىتتىرگۈچ كۈچ بار بولۇپ بۇ ئەخلاقى نىزاملار شۇ ئىتتىرگۈچ كۈچنى قارار قىلىشتا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ.

4. ئەگەر بىز بۇ ئىختىلاپ ۋە ئوخشىماسلىقنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق بىزگە ئەسلى بۇ ئەخلاقى نىزاملارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئايرىپ ۋە يىراقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كائىناتقا بولغان تەسەۋۋۇر، كائىناتتىكى ئىنساننىڭ ئورنى، دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانى ھاياتنىڭ غايىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولىدۇ.

مۇشۇ ئوخشىماسلىق ۋە ئىختىلاپ يىلتىزىدىن تارتىپ شاخلىرىغىچە ئۇلارنىڭ روھ، مىجەز ۋە شەكىللىرىنى بىر- بىرىدىن ئايرىم قىلىۋەتكەن. ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە بۇدۇنيادىكى ئىنساننىڭ ھاياتلىق يولىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر قانچە سۇئاللار بولۇپ ئۇلار: بۇ كائىناتنىڭ ئىلاھى بارمۇ- يوق؟ بولسا بىرمۇ يا بىرنەچچىمۇ؟ بىز ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان زاتنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ بىز نىڭ ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئالاقىمىز بار؟ ئۇ بىزگە بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بەردىمۇ- يوق؟ بىز ئۇنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلامىزمۇ- يوق؟ سوراققا تارتىلىدىغان بولساق نېمە توغرۇلۇق سوراققا تارتىلىمىز؟ بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى يەتمەكچى بولغان نىشانىمىز قايسى؟ ۋە كورەش قىلىپ يېتىدىغان غايىمىز نېمە؟ بۇ سۇئاللارنىڭ جاۋابى قايسى تۈردە بولىدىكەن ھاياتنىڭ نىزامى شۇنىڭغا موتابىق تۈزۈلىدۇ ۋە ئەخلاق نىزامىمۇ شۇنىڭغا موناسىپ بولىدۇ.

بۇ قىسقىنا ماقالىدا مەن دۇنيادىكى ھەرخىل ھاياتلىق نىزاملىرىدىن مىساللار كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ بۇ سۇئاللارغا قانداق جاۋاپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇ جاۋاپنىڭ ئۇلارنىڭ شەكىل ۋە ھايات يولىنى بەلگىلەشكە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ بولالمايمەن. شۇڭا مەن پەقەت ئىسلام توغرولۇق توختۇلۇپ، ئىسلام بۇ سۇئاللارغا قانداق جاۋاپ بىرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن قايسى مەخسۇس قىسمىنىڭ ئەخلاقى نىزامى ۋۇجۇتقا كىلىدۇ شۇنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن.

## ئىسلامنىڭ ھاياتلىق ۋە ئەخلاق نەزەرىيىسى

ئىسلامنىڭ جاۋابى: بۇكائىناتنىڭ ئىلاھى بار. ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھ بولۇپ بۇ كائىناتنى ياراتقان. ئۇ شېرىكى يوق پادىشاھ، ھاكىم ۋە پەرۋەردىگار. ئۇ بۇ كائىناتنى داۋاملىق باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر. ۋە بۇ كائىناتنىڭ پۈتۈن نىزامى ئۇنىڭ ئىتائىتى ئاستىدا مېڭىۋاتىدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، سۇببۇھ ۋە قۇددۇس(كەمچىلىك، ئاجىزلىق ۋە بارلىق نۇقسانلاردىن پاك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بۈيۈك مۇقەددەس زات) دۇر. ئۇ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئۇنىڭ كائىناتنى باشقۇرىشىدا ھېچقانداق كەمچىلىك ۋە نۇقسان يوقتۇر. ئىنسان ئاللاھنىڭ ياراتقان قۇلىدۇر. ئۇ قۇلنىڭ ۋەزىپىسى ياراتقۇچىسىغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە بويسۇنۇشتۇر. مۇكەممەل ۋە خالىس ئاللاھ نىڭ قۇللۇقى ئۈچۈن بولمىغان ھايات مەنىسىزدۇر. ئاللاھتائالاغا قۇلچىلىق ۋە ئىبادەت قىلىش يولىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئىشى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتتى ۋە كىتاپلارنى چۈشۈردى. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتلىق نىزامىنى ئاشۇ ھىدايەت مەنبەسىدىن ئېلىشى كېرەك. ئىنسان ھاياتىدا قىلغان بارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكار. جاۋابكارلىق بۇ دۇنيادا ئەمەس بەلكى ئاخىرەتتە بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق بولسا ئەسلىدە ئىمتىھان ئۈچۈن بېرىلگەن مۆھلەتتىنلا ئىبارەت. ئىنسان بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنى مەقسەت مەركەز قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ ئىمتىھانغا ئىنساننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قاتنىشىدىغان ئىمتىھان بولۇپ ئۇنىڭغا بېرىلگەن كۈچ- قۇۋۋەت ۋە ھاياتنىڭ ھەر بىر باسقۇچلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. ئىمتىھان ئالغۇچى ئىلگىرى بولغان، بۇندىن كيىن بولىدىغان ئىشلارنى خاتىرلەپ قويغان بولۇپ ئۇنىڭ بىلىش دائىرىسى پۈتۈن كائىناتتىكى ئىشلارنى، تەبىئەتتىكى سۇ، ھاۋا، شامالنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ دىلىدىكى، كاللىسىدىكى پىكىر - خىيال، نىيەتلىرىنى ۋە بارلىق ھىس- تۇيغۇلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھاياتنىڭ ئاساسلىق مەسىلىرىگە قارىتا بەرگەن جاۋابى. مانا بۇ ئىسلامنىڭ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنساننىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى.

## ئەخلاقى پىرىنسىپلار نىڭ غايە - مەقسەتلىرى

مۇشۇ تەسەۋۋۇر ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ غايىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇ غايە بولسا «ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش». بۇ بولسا ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقي نىزامىدىكى ئىنساننىڭ ھەر بىر ئەمەللىرىنى ياخشى- يامان دەپ ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر. بۇ ئۆلچەم ئىنسانى ئەخلاقتا ئىنسان ھاياتىنى نىشان قىلىپ چۆگىلەيدىغان بىر نوقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھاياتى دېڭىزدا شامال ۋە دولقۇنلار بىردەم ئۇياققا، بىر دەم سولغا ھەيدەپ يۈرىدىغان كېمىگە ئوخشاپ قالمايدۇ. بۇ ئۆلچەم يەنە ئىنساننىڭ ئالدىغا ھاياتتىكى ھەر بىر ئەخلاقى سۈپەتلەرگە چەك- چېگرا، نىشان، ۋە ئەمەلى شەكىل كۆرستىپ بېرەلەيدىغان بىر ھەقىقى غايىنى قويىدۇ. نەتىجىدە ۋەزىيەت ئوزگەرىشى ئۆزگەرمەيدىغان



www.merifet.net

مۇستەھكەم ئەخلاقى قىممەتلەر بىلەن زەپەر تاپىدۇ. ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش» ئىنساننىڭ بۈيۈك غايىسى ۋە ھاياتىنىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى نىشانى بولغان چاغدا ئىنسانى ئەخلاق ئەخلاقى ئۈستۈنلۈكتە نەپسانىيەتچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك قۇللۇقىنىڭ كىرلىرى تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان شۇنداق بىر يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن بولىدۇ .

ئىسلام بىزگە كائىنات ۋە ئىنسانغا قارىتا تەسەۋۋۇرىنى بۇ ئۆلچەم بىلەن تەقدىم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا گۈزەل يا ناچار ئەخلاقنى تونۇيدىغان دائىملىق بىر ۋاستىنى ئىنئام قىلىدۇ. ئىسلام بىزنىڭ ئەخلاقنى تونۇش ۋاستىمىزنى ئەقىل يا خاھىش، يا تەجرىبە ياكى ئىلىم- پەن دەپ بېكىتىۋەتمىگەن. ئەخلاقى قارارلىرىمىزنىڭ بۇ تۈرت نەرسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەرقانداق زاماندا ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان مۇقىم بىر مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ مەنبە بولسا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتى. بۇ مەنبەدىن كەلگەن ئەخلاقى تەلىماتلار بىزگە ھەر قانداق دەۋر ۋە زاماندا ھايات يوللىرىمىزنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ تەلىماتلار ئائىلىدىكى كىچىك-كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ چوڭ- چوڭ خەلقئارالىق سىياسى ئىشلارغىچە بولغان ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى ھەر ساھە ۋە ھەر باسقۇچتىكى بارلىق ئىشلاردا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ تەلىماتلاردىن ھاياتلىقنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا باشقا ئىلىمغا موھتاج بولمىغىدەك ، كەڭ دائىرىلىك ۋە مۇكەممەل ئەخلاقى پىرىنسىپلارنى بىلىۋالايمىز.

### ئەقىدە ئەخلاقنىڭ تۈرتكىسى

يەنە ئىسلامنىڭ كائىنات ۋە ئىنسان تۇغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىدا ، ئەخلاق قانۇنىدا مەۋجۇت بولىشى زۆرۈر بولغان ئىجرا قىلدۇرغۇچ كۈچنى كۆرىمىز. بۇ كۈچ بولسا ئاللاھدىن قورقۇش، ئاخىرەتتىكى سوئال-سوراق ئەندىشىسى ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتتىكى خەتەرلىك ئاقىۋەتتىن ئىبارەت. گەرچە ئىسلام كىشىلەرنى ئەخلاقى پىرىنسىپلارغا بويسۇنۇشنى مەجبۇرلايدىغان ئىجتىمائى پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى پەيدا قىلىشنى ، ۋە بىر سىياسى تۈزۈم تۈزۈپ ئۇنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئەخلاقى پىرىنسىپلارنى مەجبۇرى ئىجرا قىلىشنى خالىسىمۇ ھەقىقەتتە ئۇنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى تاشقى كۈچ ئەمەس بەلكى ئاللاھ ۋە ئاخىرەت ئەقىدىسىگە يوشۇرۇنغان ئىچكى كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىنساننىڭ قەلبىدە مۇنداق بىر ئەقىدىنى ئورۇن ئالدۇرۇشنى خالايدۇ. بۇ ئەقىدە ئۇنىڭغا: « سىنىڭ ئىشىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاللاھ بىلەن، نەدە بولساڭ ۋە قايسى ھالەتتە بولساڭ سىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. پۈتۈن دۇنيا خەلقىدىن ئۆزەڭنى يوشۇرالايسەن ئەمما ئاللاھدىن يوشۇرالمايسەن. بارلىق ئىنسانلارنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن ئاللاھنى ئالدىيالمايسەن. خەلقئالەمدىن قاچالايسەن ئەمما ئاسمانلار ۋە زېمىنلارنى ياراتقان ئاللاھدىن قاچالمايسەن. كىشىلەر پەقەت سىنىڭ تاشقى قىياپىتىڭ ۋە ئەمەللىرىڭنىلا كۆرەلەيدۇ ئەمما ئاللاھ سىنىڭ نىيىتىڭ ۋە ئىچكى سىرلىرىڭنى بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تۆت كۈنلۈك ھاياتى دۇنيادا نىمە ئىش قىلساڭ قىل, ئاخىر بىر كۈن ئۆلىسەن ۋە تۇققاندارچىلىق، يالغان گۇۋاھلىق، پارا، ئادۇۋۇكات ۋە ھەر

قانداق ۋاستە پايدا بەرمەيدىغان سوتقا هازىر بولسەن. ئۇ سوتتا سىنىك كەلگۈسىك ھەققىدە ئادىل قارار چىقىرىلىدۇ» دەپ خىتاپ قىلىپ تۇرىدۇ . ئەمىلىيەتتە ئىسلام ئىنسانىنىك قەلبىدە بۇ ئەقىدىنى ئورۇن ئالدۇرۇش ئارقىلىق ھەقىقەتتە ئۇنىك قەلبىدە ئۇنى ئەخلاقى پىرىنسىپلارنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بىر ساقچىنى قاراۋۇل قىلىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ ئەخلاقى پىرىنسىپلارنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان سىرتقى كۈچ ئارمىيە، ساقچى، سوت، ۋە تۈرمە بولسۇن يا بولمىسۇن بەرىبىر. مانا بۇ ھەقىقەتتە ئىسلامنىك ئەخلاقي پىرىنسىپلارنى ئىجرا قىلدۇرىدىغان ئىچكى ساقچىسىدۇر. خەلق پىكرى ۋە ھۆكۈمەت بۇنى قوللىسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ . مۇشۇنداق ئىمان مۇسۇلمان كىشلەرنى ۋە مۇسۇلمان قەۋمنى توغرا يولغا ماڭغۇزالايدۇ شەرت شۇكى ئىمان دىللىرىدا مۇستەھكەم ئورۇنلاشقانلا بولسا.

## رىغبەتلەندۈرۈش

ئىسلامنىك بۇ كائىنات ۋە ئىنسان توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ئىنسانىنى ئەخلاقى پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىنسان ئۇچۇن ئاللاھنى ئۆزىنىك رەببى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ھاياتلىقنىك يولى ۋە ئۇنىك رىزالىقنى ئۆزىنىك بۇيۇك غايىسى قىلغانلىقىغا رازى بولغانلىقىمۇ ئاللاھنىك ئەمر-پەرمانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشتە يېتەرلىك ئىتتىرگۈچ كۈچ بولالايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئەھكاملارنىك ئاللاھنىك ئەھكاملىرى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. بۇنىڭغا كۈچ بېغىشلايدىغان يەنە بىر ئامىل ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش يەنى كىمكى ئاللاھنىك ئەھكاملىرىغا ئىتائەت قىلسا ، مەيلى ئۇنى بۇ ۋاقىتلىق ھاياتلىقتا ھەر قانداق قىيىنچىلىقلار، زىيان ۋە مۇشكۇلاتلار ئورىۋالغان بولسۇن ، مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتا ئىستىقبالى پارلاق بولىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىش. ئەكسىچە كىمكى بۇ دۇنيا دىن ئاللاھنىك ئەھكاملىرىغا ئىتائەت قىلماي كەتسە ، مەيلى ئۇ بۇ تۆت كۈنلۈك دۇنيادا ھەر قانچە راھەت-پاراغەتتە ياشىغان بولسۇن ، ئۇ مەڭگۈلۈك جازاغا دۇچار بولىدۇ.

## ئۈمىد ۋە قورقۇنچ

بۇ ئۈمىد ۋە قورقۇنچ كىمنىك دىلىدا ئورۇن ئالغان بولسا ئۇنىك قەلبىدە ياخشىلىقنىك نەتىجىسى چوڭ زىيان ئېلىپ كېلىدىغان شارائىتتىمۇ ياخشى ئىشقا ئۈندەيدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ئۇ كۈچ يامانلىقنىك نەتىجىسى دۇنيادا ھەر قانچە لەززەتلىك ۋە پايدىلىق كۆرۈنىدىغان شارائىتتىمۇ ئۇنى يامانلىقتىن توسۇپ قالىدۇ.

بۇ تەپسىلى ئۇقۇمدىن بىز ئىسلام دىنىنىك ئۆزىگە خاس كائىنات تەسەۋۋۇرى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆلچىمى، ئەخلاقنى تونۇشنىك مەنبەسى، ئىجرا قىلدۇرغۇچ كۈچى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيادىكى باشقا ئەخلاقى پىرىنسىپلەرنى تەتبىق قىلىدىغان ئۇسۇللاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق.

## ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلام مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گۈزەل ئەخلاق مادىدىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىگە خاس ئورۇن ۋە دەرىجە بېرىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ھەر ساھەلىرىدە تەتبىقلايدۇ ۋە جارى قىلدۇرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل مۇستەقىل ئەخلاقى تۈزۈمى بار دىسەك توغرا بولىدۇ.

بۇ ئەخلاقى تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ بولۇپ بۇ ئورۇندا ھەممىنى زىكر قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ چوڭ كۆرۈنەرلىك خوسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىمەن. بۇ ئىسلامنىڭ ئەخلاقى تۈزۈمىدىكى زور ئەھمىيەتكە ئىگە خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.

## بىرىنجى خۇسۇسىيتى

ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىشنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ غايە-مەقسەت قىلىش ئارقىلىق، ئەخلاق ئۇچۇن بۇيۈك ئۆلچەم ھازىرلاپ بېرىدۇ شۇ ۋەجىدىن ئەخلاقنىڭ قەدرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باراۋەر كىلىدىغان ھېچ قانداق دەرىجە بولمايدۇ.

يەنە ئىلىم- مەرىپەتنى مەنبە قىلىش ئارقىلىق ئەخلاققا ئاساسى مۇستەھكەم مۇستەقىللىق ئاتا قىلىدۇ ئۇنىڭدا تەرەققى قىلىشقا ئىمكانىيەت بولىدۇ. ئەمما كۆز بوياماچىلىق ۋە رەڭۋازلىققا ھېچقانداق ئورۇن قالمايدۇ. ئاللاھدىن قورقۇش ئەقىدىسى ئارقىلىق تاشقى بېسىمسىز ئىنساننى ئەخلاقى پىرىنسىپلەرنى ئىجرا قىلدۇرغۇچى كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش ئەقىدىسى ئارقىلىق بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئۇ كۈچ ئىنساندا ئۆزلىكىدىن ئەخلاقى پىرىنسىپلەرگە ئەمەل قىلدۇرىدىغان رىغبەت ۋە قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ.

## ئىككىنجى خۇسۇسىيتى

ئۇ ئۆزلىكىدىن ئاساسسىزلا بەزى نەرسىلەرنى ئەدەپ-ئەخلاق جۈملىسىدىن دەپ تەرغىپ قىلمايدۇ. ئىنسانىيەتكە تونۇشلۇق بولغان ئەخلاقى قىممەتلەرنىڭ بەزىسنى يوقۇتۇشقا بەزىسنى كۈچلەندۈرۈشكىمۇ ئۇرۇنمايدۇ. تونۇشلۇق ئەخلاقلارنىڭ بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويماستىن ھەممىنى ئالىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىنسان ھاياتىدا ئۆزىگە لايىق ئورۇن، مەرتىۋە ۋە دەرىجە ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ئەخلاقلارنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسىنى كەڭ قىلىدۇ. شەخسى ئىشلار، ئائىلە ئىشلىرى، شەھەر ئىشلىرى، سىياسى ، ئىقتىسادى مەسىلەر، سودا-تىجارەت، بازار، مەكتەپ، مەھكىمە، جامائەت خەۋپىسىزلىكى، ساقچى ئورگانلىرى، ھەربى ئورۇنلار ، جەڭ مەيدانى ۋە سۈلھ- كېلىشىم قۇرۇلتايلىرى ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام ھەر جاي ، ھەر ساھەدە ئەدەپ-ئەخلاقنى ھۆكۈمران قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام

ئىنسان ھاياتىدىكى بارلىق مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تىزگىنى نەپسى خاھىش، شەخسى غەرەز ۋە مەنپەئەتنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقنىڭ قولىدا بولۇشنى خالايدۇ.

### ئۈچىنجى خۇسۇسىيتى

ئىنسانلاردىن ئاساسى ياخشىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، يامانلىقتىن پاك ھاياتلىق نىزامى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانلار ھەر زامان ۋە ماكاندا ياخشى گۈزەل ئەخلاقى سۈپەت دەپ قارىغان ياخشى ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىنسانلار ھەمىشە يامان ئىش يا ناچار ئىللەت دەپ قاراپ كەلگەن يامان ئىشلارنى يوقۇتۇشقا ۋە تۈگۈتۈشكە چاقىرىدۇ . مۇشۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ئەگەشكەنلەر مەجمۇئەسى قوشۇلۇپ مۇسۇلمان ئۈممىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

### ئەڭ ياخشى ئۈممەت

(« (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» سۈرە ئال ئىمران 110 ئايەت). ئۇلارنى مۇسۇلمان ئۈممەت قىلىشتىكى مەقسەت ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يامانلىقنى يىلتىزىدىن يوقۇتۇشقا ھەممەيلەن بىرلىكتە ئىجتىمائى كۆرەش قىلىشى ئۈچۈندۇر. ھازىر مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئۆزى ياخشىلىقتىن توسۇپ، يامانلىققا بۇيرۇيدىغانلارنىڭ يولىغا ماڭسا بۇ دۇنيا ئۈچۈن ۋە ئۈممەت ئۈچۈن ئېچىنىشلىق تىراگىدىيە ۋە ماتەمدۇر.

# ئىسلام دىنىنىڭ سىياسى نىزامى

ئىسلام دىنىنىڭ سىياسى تۈزۈمى ئۈچ خىل ئۇسۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئۇلار تەۋھىد, رىسالەت ۋە خەلىپىلىك بولۇپ بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلنى ئىنىق چۈشەنمەستىن ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىنى تەپسىلىي چۈشۈنۈش قىيىن . شۇڭا مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

بىرىنچى تەۋھىد:

ئۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائاللا مۇشۇ دۇنيانىڭ ۋە مۇشۇ دۇنيادىكى ھەممە ياشاۋاتقانلارنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسىدۇر. ھۆكۈمەت ۋە باشقۇرۇش ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ. ئۇ ئۆزىلا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ۋە چەكلەشكە ھەقلىق . بەندىچىلىك، تائەت- ئىبادەت ھېچنەرسىنى شېرىك قىلماستىن پەقەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر. بىز نىڭ جانلىرىمىز، ئىشلىتىۋاتقان جىسمانىي كۈچ قابىلىيەتلىرىمىز، كائىناتتىكى مەۋجۇداتلاردىن خالىغانچە پايدىلىنىشتىكى ھوقۇقلىرىمىز .. قاتارلىقلارنى ئۆزىمىزدە مۇشۇ مەۋجۇداتلار بار بولغاچقا ھوقۇقىمىزنى ئىشلىتىمىز. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىز ياراتقان ئەمەس، يوقتىن بار قىلغانمۇ ئەمەس. بەلكى بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ تائاللا بىزگە ئاتا قىلغان. بۇ ئاتا قىلىشتا ھېچكىمنىڭ شېرىكچىلىكى يوق. شۇڭلاشقا ھاياتىمىزنىڭ مەقسىتىنى، كۈچ- قابىلىيەتلىرىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ھوقۇقلىرىمىزنىڭ چەك- چېگرىسىنى بەلگىلەش بىزنىڭ ھەققىمىز ئەمەس ۋە ھېچكىمنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىششقا ھەققى يوق. بۇ پەقەت بىزنى مۇشۇ قابىلىيەت ۋە ھوقۇقلار بىلەن ياراتقان ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنى بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە بەرگەن ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر.

تەۋھىد نىڭ بۇ ئۇسۇلى ئىنساننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىنسان ھاكىمىيتى دىگەن نەزىرىيىنى قاتتىق رەت قىلىدۇ. مەيلى بۇ ھاكىمىيەت قايسى بىر شەخستە بولسۇن، ئائىلە، تەبىقە، گورۇھ، مىللەت ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلاردا بولسۇن ھېچقايسىغا تەۋە ئەمەس. پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ. ئاللاھتىن باشقا ھاكىم يوق، ئاللاھنىڭ ھۆكمىلا قانۇندۇر.

ئىككىنچى، رىسالە رىسالە بولسا بىر ۋاستە، ئۇ ئارقىلىق بىزگە ئاللاھنىڭ ۋەھىيسى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ۋاستە ئارقىلىق بىز ئىككى نەرسىگە ئېرىشىمىز.

1. ئاللاھ تائاللا ئۆزىنىڭ قانۇنلىرىنى بايان قىلغان كىتاپ.
2. بۇ كىتاپنىڭ شەرھىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائاللاتىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ئەلچىسى ۋە خەلىپىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ سۆز ۋە ئىش- ھەرىكەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەقدىم قىلغان.

ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق تۈزۈملىرى ئۈستىگە قۇرۇلىشى لازىم بولغان بارلىق پرىنسىپلار بايان قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇ كىتاپنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ھاياتلىق تۈزۈملىرىنى قۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىپ كۆرسۈتۈپ ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىپ بىزگە ئۈلگە يارىتىپ بەردى. مانا بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلەشمىسى ئىسلام ئاتالغۇسىدا «شەرىئەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بولسا ئىسلام

دۆلتى ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان ئاساسي دەستۇر ۋە قانۇندۇر.

ئۈچىنچى، خەلىپىلىك ئۇ بولسا ئەرەپ تىلىدا ئورۇن بىسىش، نائىب دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام نۇقتىنەزەردە بۇ كائىناتتىكى ئىنسانىنىڭ ئورنى. ئۇ بولسا ئاللاھنىڭ خەلىپىسى يەنى نائىبى ئاللاھنىڭ دۆلتىدە ئاللاھ بەرگەن ھوقۇقنى نائىب سۈپىتىدە ئاللاھ كۆرسۈتۈپ بەرگەن بويىچە ئىشلىتىدۇ. ئەگەر سىز ئۆي جايلىرىڭىزنى بىرسىگە ھاۋالە قىلغان بولسىڭىز ئەلۋەتتە تۆت ئىشنى نەزەردە تۇتقان بولىسىز. بىرىنجى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئۇ كىشى ئەمەس سىز ئۆزىڭىز . ئىككىنجى، ئۇ كىشى سىزنىڭ ئۆيدە سىز كۆرسۈتۈپ بەرگەن يوليورۇق بويىچە ئىش قىلىش لازىم . ئۈچىنچى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ھوقۇقنى سىز بەلگىلەپ بەرگەن چەك- چېگرا ئىچىدە ئىشلىتىش كىرەك. تۆتىنجى، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئۇ ئۆزى خالىغاننى ئەمەس سىزنىڭ خالىشىڭىز بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. قاچان ئورۇن باسار، نائىب دىگەن سۆز تىلغا ئېلىنسا ئىنسانىنىڭ كاللىسىغا مانا بۇ تۆت شەرت كىلىدۇ. ئەگەر بىرەر نائىب بۇ تۆت شەرتنى تولۇق ھازىرلىمىغان بولسا سىز ئۇنى نائىبلىق چەك-چېگرىسىدىن چەتنەپ كەتتى ۋە نائىبلىق كىلىشمىنى بۇزدى دەيسىز. ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى خەلىپىلىك دىگەن سۆزمۇ دەل مۇشۇ تۆت شەرتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىنساننى ئاللاھنىڭ خەلىپىسى-نائىبى دەپ بەلگىلەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ سىياسي تۈزۈمنىڭ روھىغا ئاساسەن دۆلەت قۇرۇلسا ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدىكى ئىنساني خەلىپىلىك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دۆلتىدە ئۇنىڭ يوليۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن چەك-چېگرا دائىرىسى ئىچىدە ئىشلەپ ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشى كىرەك.

## ئىسلامدىكى جۇمھۇرىيەت

خەلىپىلىك دىگەن سۆزگە شۇنى قوشۇپ چۈشىنىش كىرەككى ئىسلامنىڭ سىياسي نەزىرىدە ھىچ بىر شەخس، ئائىلە ياكى تەبىقىنى خەلىپە دەپ قارىمايدۇ. بەلكى تەۋھىد ۋە رىسالەتنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىغا بويسۇنۇپ، نائىپلىق شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان پۈتۈن جەمئىيەتكە خەلىپىلىك مەنسىپىنى تاپشۇرىدۇ. مۇشۇنداق جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئومومىي گەۋدىسى بىلەن خەلىپىلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ خەلىپىلىك ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا تەۋە بولىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئىسلامدىكى «جۇمھۇرىيەت» نەزىرىيىسى باشلىنىدۇ. ئىسلام جەمئىيتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدا خەلىپىلىك ھوقۇقى بار. بۇ ھوقۇقتا ھەممە باراۋەر. ھەر بىر شەخس ئوخشاش دەرىجىدە بۇ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ يانا بىر كىشىدىن ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ. ھىچكىمدە باشقا بىرسىنى بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىدىغان ھوقۇق بولمايدۇ. ھىچكىمنىڭ باشقىلارنى بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىش ھوقۇقى يوق. دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىنى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇلسا مۇشۇ كىشلەرنىڭ رايى ۋە رازىلىقى بويىچە قۇرۇلىدۇ. مۇشۇ كىشلەر ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ بىر ھەسسىنى شۇ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلىشىدا ئۇلارنىڭ

رايى بويىچە بولىدۇ ۋە مەسلىھەتى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىدىكەن ئۇ ئۇلار تەرىپىدىن خەلىپىلىك ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.كىمكى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدىكەن ئۇنى ھۆكۈمەتتىكى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ.مۇشۇ جەھەتتىن ئىسلامى جۇمھۇرىيەت بىر مۇكەممەل جۇمھۇرىيەت بولالايدۇ. ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى غەربنىڭ نەزىرىيىسى «جۇمھۇرىيەتنىڭ ھاكىمىيىتىگە» قايىل. ئىسلام بولسا «جۇمھۇرىيەتنىڭ خەلىپىلىكىگە» قايىلدۇر. غەرىپتە جۇمھۇر ئۆزى پادىشاھ، ئۇلاردا ئۆزىنىڭ قانۇننى ئۆزى تۈزەيدۇ.ئۇلاردا ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى جۇمھۇرنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىش بولىدۇ. ئىسلامدا بۇلارغا ئاللاھ ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق بەرگەن قانۇنغا بويسۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ۋە ئۇنى قۇرىدىغان جۇمھۇرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىپ ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولىدۇ. ئىسلامدا پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ، جۇمھۇر ئۇنىڭ خەلىپىسى.

قىسقىسى غەرىپتىكى جۇمھۇرىيەت بولسا بىر ئىلاھلىق مەنسىپكە ئولتۇرۇۋالغان باشباشتاق، ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ ۋە ئەزالىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەركىن ئىشلىتىدىغان جۇمھۇرىيەتتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىسلامى جۇمھۇرىيەت بولسا بويسۇنغۇچى بولۇپ, ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئاللاھتائالا بەلگىلەپ بەرگەن يوليورۇق كۆرسەتمە ۋە دائىرە ئىچىدە ئىشلىتىدۇ.

ھازىر مەن سىلەرگە قىسقىچە مۇشۇ دۆلەتنىڭ تەۋھىد، رىسالەت، خەلىپىلىكلەرنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلىدىغان سۈپىتىنى تەقدىم قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## ئىسلامى دۆلەتنىڭ مەقستى

بۇ دۆلەتنىڭ مەقستى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائاللائىنسانلارنىڭ ھاياتىنى بەختلىك ۋە باياشات قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشىلىقلارنى بەرپا قىلىشلار، تارقىتىشلار، ئۆزلەشتۈرۈشلار ۋە ئومۇملاشتۇرۇشلار. ئاللاھ تائاللا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئىشلار ۋە ناچار ئىللەتلەرنى يوقۇتۇشلار، توسۇشلار بارلىق يامانلىقلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىشلار دىگەن.

ئىسلامدا ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ مەقستى پەقەت دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ياكى خاس بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيي خاھىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىسلام بۇنى مەقسەت قىلمايدۇ. ھەقىقەتتە ئىسلام ئۆزى قۇرماقچى بولغان دۆلەتنىڭ ئالدىغا بۈيۈك بىر غايىنى قويىدۇ. ئۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاستىلىرىنى ۋە كۈچ -قۇدرىتىنى ئىشلىتىشى كىرەك.

ئۇ غايە ئاللاھ تائاللا ئۆز زىمىندا بەندىلىرىنىڭ ھاياتىدىكى پاكىزلىق، ياخشىلىق، پاراۋانلىق، تەۋققىيات ۋە بەخت- سائادەت نۇرلىرىنى كۆرۈشنى خالايدۇ. بەندىلىرىنىڭ ھاياتىنى خاراپلاشتۇرىدىغان،


www.merifet.net

زىمىندا پىتنە- پاسات ۋە بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدىغان يوللارنىڭ توسۇلىشىنى خالايدۇ. مۇشۇ غايە بىلەن بىللە ئىسلام بىزنىڭ ئالدىمىزغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئوچۇق سۈپىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ سۈپەتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ قارايدىغان بولساق ھەر زامان ۋە ھەر مۇھىتتا ئىسلام دۆلىتى ئۆزىنىڭ ئىسلاھات پروگراممىسىنى تۈزەلەيدۇ.

ئىسلامنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ھاياتلىقنىڭ ھەر ساھەسىدە ئەخلاقى پىرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە شۇنداق سىياسەتنى ئاساسي قانۇن قىلىپ بەلگىلىۋىتىدۇ. ئۇنىڭ سىياستى مۇكەممەل ئادالەت، راستچىللىق ۋە چوڭقۇر ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلسۇن دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇ سىياسەتتە دۆلەت، ھۆكۈمەت، مىللەتنىڭ مەنپەئەتنى دەپ يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىككە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا يول قويۇلمايدۇ. مەيلى ئۇ ئىش دۆلەت ئىچىدە خەلق بىلەن رەھبەرلىككە موناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى دۆلەت بىلەن باشقا قەۋملەرنىڭ ئارىسىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن ھەر ئىككىلىسىدە راستچىللىق، دىيانەت ۋە ئادالەتنى بىرىنجى ئورۇنغا قويۇشنى ۋە باشقا شەخسي مەنپەتنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويماسلىقنى كەسكىن قانۇن قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

يەككە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان ھۆكۈمەتمۇ ۋەدە قىلساڭلار ۋاپا قىلىڭلار، ئىلىم- بېرىمدا، تارازىدا ئادىل بولۇڭلار، كىشلەرنىڭ ھەققىنى يېۋالماڭلار، نىمنى قىلىدىغان بولساڭلار شۇنى قىلىڭلار، نىمنى دىسەڭلار شۇنى دەڭلار، ئۆزەڭلارنىڭ ھوقوقى بىلەن مەجبۇرىيتىڭلارنى ئەستە تۇتۇڭلار، باشقىلارنىڭ مەجبۇرىيتىنى ئادا قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن ھەققىنى ئۇنۇتماڭلار. كۈچ- قۇدرەتنى زۇلۇم ئۈچۈن ئەمەس ئادىللىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن  ۋاستە قىلىڭلار ھەر ھالەتتە ھەقنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار ۋە ئۇنى ئادا قىلىڭلار. سەلتەنەتنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى دەپ بىلىڭلار ۋە ئۇنى بۇ ئامانەتنىڭ ھسابىنى رەببىڭلارغا تولۇق بىرىدىغانلىقىڭلار غا جەزمەن ئىشەنگەن ھالدا ئىشلىتىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

## ئاساسلىق ئىنسان ھەقلىرى

ئىسلام دۆلىتى  زىمىننىڭ بىر خاس رايۇنىغا قۇرۇلسىمۇ ئىنسان ھوقوقى ۋە پۇقرا ھوقوقىنى كىچىككىنە بىر جۇغراپىيلىك دائىرە ئىچىگە بەنت قىلىپ قويمايدۇ. ئىنسانلا بولىدىكەن ئىسلام ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە ئاساسي ھوقوقلارنى بەلگىلىگەن.ھەر ھالەتتە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇيدۇ. مەيلى ئۇ ئىنسان ئىسلام دۆلىتى چىگرىسى ئىچىدە ياشايدىغان بولسۇن ياكى سىرتىدا، دوست بولسۇن ياكى دۈشمەن، سۈلھى قىلغان بولسۇن ياكى جەڭ . ئىنساننىڭ قىنى ھەر ھالەتتە ھۆرمەتلىكتۇر. ناھەق قان تۆكۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئايالار، بالىلار، ياشانغانلار، كىسەل ۋە يارىدارلارغا ھۇجۇم قىلىش ھىچ بىر ھالەتتە توغرا ئەمەس. ئاياللارنىڭ ئىززەت- ئابرۇيى ھەر ۋاقىتتا  ھۆرمەتلەشكە ۋە قوغداشقا لايىق.ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا ۋە دەپسەندە قىلىشقا بولمايدۇ. ئاچقا تاماق, كىيىمسىزگە كىيىم بىرىش، يارىدار ۋە كىسەلنى داۋالاش

كىرەك. بۇ ئۇلارنىڭ ئاساسىي ھوقوقى مەيلى ئۇلار دۈشمەن قەۋمدىن بولسىمۇ مۇشۇنداق بىر نەچچە ھوقوقنى ئىسلام ئىنسانغا پەقەت ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتا قىلغان. ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەستۇرىدا بۇلارغا ئاساسى ھوقۇق دەرىجىسى بېرىلگەن. ئىسلام پۇقرالىق ھوقۇقىنى پەقەت ئۆز دۆلەت چېگرىسى ئىچىدە تۇرغانلارغىلا بەرمەيدۇ. بەلكى ھەرقانداق مۇسۇلمان دۇنيانىڭ قايسى بىر بۇلۇڭىدا تۇغۇلغان بولسۇن ئىسلام دۆلتى چېگرىسى ئىچىگە داخىل بولىدۇ. ئۇمۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولىدۇ . دۇنيادا قانچىلىك ئىسلام دۆلتى بولىدىكەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پۇقرالىق ئورتاق بولىدۇ. مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر ئىسلام دۆلىتىگە كىرىش ئۈچۈن پاسپورت زۆرۈر بولمايدۇ. مۇسۇلمان قايسى بىر نەسىل، قەۋم ياكى تەبىقىگە تەۋە بولسىمۇ ھەر ئىسلامى دۆلەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىسلام دۆلتى چېگرىسى ئىچىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئىسلام بىر نەچچە ھوقۇق بەلگىلىگەن. ئۇ ئىسلام دەستۇرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

بۇ شۇ مۇسۇلمان باشقا بىر ئىسلام دۆلتىنىڭ پۇقراسى بولسا شۇنداق ئەگەر ئۇ باشقا بىر غەيرىي ئىسلامى ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدىكى خەلق بولسا، ئۇ چاغدا ھىجرەت قىلىپ كەلسە ئاندىن ئىسلام دۆلتىنىڭ پۇقراسى بولالايدۇ. بۇنداق مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى ئىسلامى ئاتالغۇدا «زىممى» دەپ ئاتايدۇ. يەنى ئۇنى ئىسلام دۆلتى قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. «زىممى»نىڭ جىنى، مىلى ۋە ئىززەت- ئابرويى مۇسۇلمانلارنىڭ جان، مال ۋە ئىززەت- ئابرۇيىغا ئوخشاش ھۆرمەتلىك. مۇسۇلمانلار ۋە زىممىلارغا قارىتا جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ھېچقانداق پەرق يوق ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش قارىلىدۇ. زىممىلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئىسلام دۆلتى ئارىلاشمايدۇ. زىممىلارنىڭ ئەقىدە، دىن، ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىدە تولۇق ئەركىنلىكى بار. يەنە ئىسلام دەستۇرىدا كۆپ ھوقۇقلار زىممى پۇقرالارغا بېرىلگەن. ئۇلار بىزنىڭ زىممىمىزدىن چىقىپ كەتمىگىچە بۇ ھوقۇقلارنى ئۇلاردىن ھېچكىم تارتىپ ئالالمايدۇ. ھەر قانداق بىر كاپىر دۆلەت ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالىرىغا ھەر قانچە زۇلۇم بولۇپ كەتسىمۇ بىر ئىسلام دۆلتى ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ كاپىر پۇقرالىرىغا شەرىئەتكە خىلاپ ھالدا، ئەھدىنى بۇزۇپ تاجاۋۇز قىلىشىمۇ توغرا ئەمەس ھەتتا بىزنىڭ چېگرىمىزنىڭ سىرتىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ زىممىسىدىكى ھەر قانداق بىر زىممىنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكەلمەيمىز.

## قانۇن تۈزۈش ۋە ئىجرائىيە پرىنسىپلىرى

ئىسلام دۆلتىنىڭ باشقۇرۇش ۋە زىيپىسى بىر ئەمىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلسا بىز ئۇنى جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئەمىرنى سايلاشتا دەستۇرنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوللايدىغان بارلىق ئاقىل بالىغ، ئەر- ئاياللارنىڭ ئاۋاز بېرىش ھەققى بولىدۇ. سايلاشنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى شۇكى سايلانغۇچىنىڭ

ئىسلام روھىدىن تولۇق ۋاقىپ بولىشى، ئىسلامى گۈزەل تەرجىمھالى، تەقۋادارلىقى، ئۈرۈش ۋە تىنچ ۋاقىتلىرىدا ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرالايدىغانلىقى ۋە خەلق كۆپ سانلىقىنىڭ ئىشەنچىسى ئاساس قىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشى ئەمىرلىككە سايلىنالايدۇ. ئاندىن كىيىن ئۇنىڭغا بىر كىشىمۇ ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ ئۇنىمۇ خەلق سايلىغان بولىدۇ. ئەمىر دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەش ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىدۇ. بىر ئەمىر قاچانغىچە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ تۇرىدىكەن شۇ ۋاقىتقىچە ئەمىر بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىشەنچ يوقىلىدىكەن ئورۇننى بوشىتىشى كېرەك بولىدۇ. قاچانغىچە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى بولىدىكەن ئۇ ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇشتا تولۇق ھوقۇقتا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشتا باشقىلارنىڭ رايىنى رەت قىلالايدۇ. ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئەمىر ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىن تەنقىدلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى كۆرگەندە تەنقىدلەشكە تولۇق ھوقۇقى بولىدۇ.

ئىسلام دۆلىتىدە قانۇن تۈزۈش شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن چەك-چېگرا ئىچىدە بولىدۇ. ئاللاھ چۈشۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئېلىپ كەلگەن ئەھكاملارغا تولۇق بويسۇنۇش ۋاجىب بولىدۇ. ھەرقانداق قانۇن تۈزۈش ئورگىنى ئۇ ئەھكاملارغا كىچىككىنىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بولغان فىقھى ئالىملارغا سۇنۇش لازىم.
ئۇنىڭدىن كىيىن شەرىئەتتە ئوچۇق ئەھكام بېكىتىلمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە كېڭەش ھەيئىتى شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا قانۇن تۈزسە بولىدۇ. ئىسلامدا سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرىشىدا ئەمەس بەلكى ئاللاھتائالانىڭ نائىبى بولغان سوتچى قازى بىۋاستە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزى جاۋاپكار بولىدۇ. ئەلۋەتتە قازىنى بۇ ئورۇنغا بەلگىلەيدىغان ئىش ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرىشىدا بولىدۇ. قازى پەقەت ئاللاھتائالا چۈشۈرگەن قانۇنغا ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئادىل ھۆكمىدىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھەتتا ھۆكۈمەت رەئىسىمۇ قازىنىڭ ئالدىغا ئادەتتىكى پۇقراغا ئوخشاش ھالەتتە ھازىر بولىدۇ.

# ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي نىزامى

ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي نىزامىنىڭ ئاساسى دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانلار بىر نەسلدىن دېگەن نەزىرىيدۇر. ئاللاھتائالا ھەممىدىن بۇرۇن بىر جۈپ ياراتقان. ھازىرقى دۇنيادىكى ئاھالىلەر شۇ بىر جۈپ ئىنساندىن كۆپەيگەن

## ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ باللىرى بىر مىللەت، بىر دىن ۋە بىر تىلدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ سانى كۆپەيدى ۋە زېمىننىڭ جاي- جايلىرىغا تارقالدى. مۇشۇ تارقىلىش سەۋەبىدىن تەبىئىي ھالدا ئۇلار ھەر خىل نەسىل، قەۋم ۋە قەبىلىلەرگە بۆلۈندى. ئۇلارنىڭ تىللىرى ئايرىم بولدى. كىيىم- كېچەك، ئۆرپ- ئادەت جەھەتتە بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئۇلار تۇرغان جايلارنىڭ سۇ ۋە ھاۋالىرى ئۇلارنىڭ چىراي شەكىللىرىگە تەسىر قىلىپ رەڭگىلىرى بىر- بىرسىدىن پەرقلىق بولۇپ قالدى. بۇ پەرقلەر تەبىئىي پەرقلەر بولۇپ ھەقىقەتتە دۇنيادا مەۋجۇتتۇر. ئىسلام بۇلارنى ھەقىقەت دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. يوقۇتۇشنى خالىمايدۇ. بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئارا تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىششىنىڭ ۋاستىسى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن مۇشۇ پەرقلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان نەسىل، رەڭ، تىل، مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرەسلىك تەئەسسۇپلىقنى خاتا دەپ بەلگىلەيدۇ. باي- كەمبەغەل، شەرەپلىك- شەرەپسىز ۋە نەسلى ئېسىل ۋە پەس دەپ ئايرىيدىغان ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى جاھىلىيەت ۋە خۇراپات دەپ قارايدۇ. ئىسلام دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارغا سىلەر ھەممىڭلار بىر ئانا ۋە بىر دادىنىڭ باللىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر- بىرىڭلار بىلەن قېرىنداش بولۇڭلار، ئىنسان ھوقۇقىدا ھەممىڭلار باراۋەر , ھېچكىم - ھېچكىمدىن ئارتۇق ئەمەس دەيدۇ.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتا تەسەۋۋۇرى. ئىسلام مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدىغان بولسا ئۇ پەرق نەسىل، نەسەپ، رەڭ، ۋەتەن ۋە تىل جەھەتتىكى پەرق بولماستىن بەلكى ئىدىيە، پىكىر ، ئەخلاق ۋە ھاياتتىكى غايىسى جەھەتتىكى پەرقتۇر. بىر ئانىنىڭ ئىككى بالىسى نەسەپ جەھەتتىن بىر ، لېكىن ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ئەخلاقى بىر- بىرىنىڭكىگە ئوخشىمىسا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولى ئايرىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە شەرقتە ياشايدىغان بىر ئادەم بىلەن غەربتىكى بىر ئادەمنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق پىكىرلىرى بىر خىل ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىسا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولى بىر بولىدۇ.

مۇشۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن ئىسلام ، دۇنيادىكى بارلىق نەسەپ، ۋەتەن ۋە مىللەت نەزەرىيىسى ئۈستىگە

قۇرۇلغان جەمئىيەتلەر گە ئوخشمايدىغان بىر پىكىر ، ئەخلاق ۋە ئورتاق غايىلىك جەمئىيەت قۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ئىتتىپاقى نەسەپ ۋە قەبىلە ئاساسىغا ئەمەس بەلكى بىر ئەقىدە ۋە بىر ئەخلاقى پرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. بىر ئاللاھنى ئۆزىنىڭ ئىلاھى ۋە پەيغەمبەرلىرى ئىلىپ كەلگەن يول- يورۇقلارنى ھاياتىنىڭ قانۇنى دەپ ئېتىراپ قىلىپ بويسۇنغان ھەرقانداق شەخس بۇ جەمئىيەتكە قوشۇلالايدۇ. مەيلى ئۇ ئامېرىكىدا ياكى ئافرىقىدا ياشايدىغان بولسۇن، ئۇنىڭ نەسلى سام يا ئارىيا بولسۇن، قارا ياكى سېرىق تەنلىك بولسۇن، مەيلى ئۇ ھىندىچە ياكى ئەرەبچە سۆزلەيدىغان ئىنسان بولسۇن مۇشۇ جەمئىيەتكە قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى باراۋەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق نەسەپ، قەۋم ۋە تەبىقە جەھەتتىكى ئايرىمچىلىق بولمايدۇ. بىرسى يۇقىرى، بىرسى تۆۋەن، بىرسى شەرەپلىك ياكى بىرسى شەرەپسىز بولمايدۇ. ئىرق- ئايرىمچىلىق ۋە مىللى كەمسىتىشكە ئۇچرىمايدۇ.

بىرسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى يەنە بىرسىگە تېگىپ كەتسە ناپاك بولۇپ قالمايدۇ. ئۆز- ئارا يېمەك-ئىچمەك ، ئولتۇرۇپ-قوپۇش ، ئارىلىشىش ۋە تويلىشىش ئىشلىرىدا ھېچقانداق توسالغۇ بولمايدۇ. ھېچكىم ئۆزىنىڭ نەسەبى ۋە خىزمىتى جەھەتتە خار ۋە تۆۋەن بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى خاس تەبىقىدىن بولغان سەۋەپلىك جەمئىيەتتە يۇقىرى ھوقۇقتا ئېرىشەلمەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىشى ئۇنىڭ ئائىلىسى ياكى مال-دۇنياسىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئەخلاقى جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم نەسەپ، رەڭ، تىل ئايرىمچىلىقى ۋە جۇغراپىيىلىك توسقۇنلارنى بۆسۈپ تاشلاپ دۇنيانىڭ ھەممە رايونلىرىغا تارقىلالايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىنسانلار خەلقئارا قېرىنداشلىقى بەرپا بولىدۇ. نەسەپ ۋە ۋەتەن ئاساسىغا قۇرۇلغان جەمئىيەتلەردە بولسا پەقەت شۇ نەسەبدىن بولغان ۋە شۇ زېمىندا تۇغۇلغانلارلا قوشۇلالايدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدىكى كىشلەرگە ئىشك تاقاق بولىدۇ. ئەمما بۇ ئەقىدە، پىكىر ۋە ئەخلاقى پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەتكە ئەقىدە ۋە ئەخلاقى پرىنسىپكە ئىمان ئېيتقان ھەر قانداق شەخس قوشۇلالايدۇ.

ئەمدى بۇ ئەقىدە ۋە ئەخلاقى پرىنسىپلارغا ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك بۇ جەمئىيەت ئۇلارنى ئۆز بالىلىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىسىمۇ ئەمما ئىنسانىي بۇرادەرلىك شەپقىتىگە ئىلىپ ئىنسان ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ. بىر ئانىنىڭ ئىككى بالىسى پىكىر جەھەتتىن ئوخشىماسلىق سەۋەبىدىن ھاياتلىق يوللىرى ئايرىم بولسىمۇ ئاكا-ئۇكىلىق قېرىنداشلىقى باقى قالىدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى گۇرۇھ ياكى بىر دۆلەتتە ياشايدىغان ئىككى گۇرۇھمۇ ئەقىدە ۋە پرىنسىپ جەھەتتە ئوخشىماسلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياشاش جەمئىيتى ئايرىم بولىدۇ. ئەمما ئىنسانچىلىق ھەر ھالەتتە ئورتاق تۇرىدۇ. مۇشۇ ئىنسانىي ئورتاقلىقتا ئاساسەن قانچىلىك ھوقۇق بولىدىكەن ھەممىنى ئىسلامى جەمئىيەت غەيرى ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ ئاساسلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئىسلام ئىنسانلار نىڭ ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ ياشىشىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

## ئائىلە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئورگىنى

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق ئورگىنى ئائىلە. بۇ ئائىلە بىر ئەر-ئايالنىڭ توي قىلىشى بىلەن قۇرۇلىدۇ. بۇ ئائىلىدىن بىر يېڭى نەسىل ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، تاغا - ھاما، كۈيئوغۇل- كېلىن قاتارلىق تۇغقانچىلىق رىشتىسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۇغقانچىلىق ۋە بۇرادەرلىكنىڭ باشقا ئالاقىلىرى ھەم پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىشلار تەرەققى قىلىپ بىر چوڭ جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك ئائىلە شۇنداق بىر ئورگان بولۇپ ئۇنىڭدا بىر نەسىل يەنە بىر كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئىلىش ئۈچۈن مېھىر- شەپقەت، كۆيۈمچانلىق ۋە جان پىدالىق بىلەن تەييارلايدۇ. بۇ ئورگان ئەۋلادلارنى پەقەت ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىپ ۋە تەرەققى قىلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئۆز ئورۇن باسارلىرىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ياخشى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ تەربىيلەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەتكى پەقەت ئائىلە ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى. مۇشۇ يىلتىز نىڭ ساغلام ۋە كۈچلۈك بولىشى مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك ۋە ساغلام بولغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ھەممىدىن بۇرۇن ئائىلە ئورگىنىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەم قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئەڭ توغرا مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھالدا ئۆي تۇتۇپ، ئائىلە قۇرۇش مەقسەت قىلىنغان مۇناسىۋەتتۇر. شۇ سەۋەپتىن يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئىچىدىن بەزىسى بىلەن نىكاھلىنىشنى ھارام دەپ قارار قىلغاندىن كېيىن باشقا ھەممە يىراق - يېقىن تۇغقانلار بىلەن نىكاھلىنىشنى جايىز قىلىپ بەردى.

تەبىقە ئايرىمچىلىقىقا خاتىمە بېرىپ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز- ئارا توي قىلىشىغا رۇخسەت بەردى. ھەر ئىككى تەرەپكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تويلۇق ۋە مەھرىنى يەڭگىل بېكىتىشكە بۇيرىدى. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە توي رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ھاكىم ۋە تىزىملىتىش ئورنىغا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. قىز- يىگىتنىڭ رازىلىقى بىلەن ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھ بولىشى ئارقىلىق نىكاھ تاماملىنىدۇ. ئەمما بۇ نىكاھ مەخپىي بولسا بولمايدۇ. يۇرت- مەھەللىگە ئېلان قىلىپ ئوچۇق ئاشكارا قىلىش كېرەك.

ئىسلام ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەر كىشىگە باشقۇرغۇچى ھوقۇقنى بەردى. ئايالغا ئېرىگە، باللارغا ئاتا- ئانىسىغا بويسۇنۇشقا ۋە خىزمىتىنى قىلىشقا ئەمر قىلدى. ئىسلام ئائىلىدە ئىنتىزامسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىز لىكنى ياقتۇرمايدۇ. ھەر ھالەتتە مەسئۇلىيەت بىر باشقۇرغۇچىنىڭ قولىدا

بولسا بولىدۇ. ئىسلامدا بۇ مەسئۇلىيەت ئائىلىدىكى دادىغىلا مەنسۇپ. ئۇنىڭ مەنىسى دادا ئۆزىنى خالىغانچە باشقۇرىدىغان هاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئايال كىشى بولسا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان. بۇ ئايالنىڭ ئۆيدە هېچ قانداق هوقۇقى يوق بىر دىدەك دېگەنلىك ئەمەس. ئىسلامدا ئەر- ئاياللىق هاياتىدا مۇهەببەت, رەهىم- شەپقەت بولۇپ ئايالنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەرگە ئىتائەت قىلىش بولسا ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتى هوقۇقنى زۇلۇم ئۇچۇن ئەمەس ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشتۇر.

ئىسلام ئەر- ئاياللىق مۇناسىۋەتنى مېهىر- مۇهەببەتلىك بولۇپ، چىقىشىپ بىللە ياشاشنىڭ كېچىككىنە ئىمكانىيەت بولغانغا قەدەر باقى قالدۇرۇشنى خالايدۇ. مۇمكىنچىلىك بولمىغان ئەهۋال ئاستىدا ئەر كىشىگە تالاق قىلىش, ئايالغا ئۈزلىشىش هوقۇقنى بەرگەن. ئىسلامى مەهكىمىگە مېهىر- مۇهەببەتنىڭ ئورنىنى غەزەپ- نەپرەت ئىگەللىگەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى ئايرىۋېتىش هوقۇقنى بەرگەن.

## تۇغقانلار ۋە قوشنىلار

ئائىلىنىڭ چەكلىك دائىرىسىدىن سىرتقى ئەڭ يېقىن چېگرا ئۇرۇق- تۇغقانلار بولۇپ ئۇنىڭ دائىرىسى ناهايىتى كەڭ بولىدۇ. كىشىلەر ئاتا-ئانا ، ئاكا- سىڭىل ۋە قۇدا- باجا تەرەپلەردىن بولغان هەر قايسى تۇغقانلار ئۆز- ئار بىر- بىرسىگە غەمگۇزار، مەدەتكار ۋە كۆيۈمچان بولۇشنى خالايدۇ. قۇرئان كەرىمدە نەچچە جايدا «ذی القربی» يەنى ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەهىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. هەدىستە سىلە-رەهىم قىلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل قاتارىدا سانايدۇ. ئىسلام ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا رەهىم-شەپقەت قىلماي ئازار بەرگەن ۋە هەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىگە قاتتىق نەپرەت قىلىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياردەم قىلىشنىڭ مەنىسى هەقتە بولسۇن يا زۇلۇم قىلغۇاتقان بولسۇن هەر هالدا ئۇلار تەرەپتە تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، هەقىقەتكە قارشى ئۆز جەمەتى ۋە قەبىلىسىگە يان باسقانىنى ئىسلام جاهىلىيەت دەۋرىنىڭ تەئەسسۇپچىلىقى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك قايسى بىر هۆكۈمەت ئەمەلدارى ئاممىنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆز تۇغقانلىرىغا ئىشلەتسە ياكى هۆكۈم قىلىشتا تۇغقانلىرىغا ئالاهىدە يان باسىدىكەن هەرگىز ئىسلامى ئادىللىق بولمايدۇ بەلكى شەيتانى هەرىكەت هېسابلىنىدۇ. ئىسلام بۇيرۇماقچى بولغان سىلە-رەهىم ئۆز تۇغقانلىرىغا هەق ۋە ئادالەتتە لىللا تۇرۇپ ياردەم قىلىشتۇر.

ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدىن كېيىنكى ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى. قۇرئان كەرىمنىڭ روهىغا ئاساسەن قوشنا ئۈچ قىسىم بولىدۇ. بىرى تۇغقان قوشنا ، ئىككىنچىسى يات قوشنا ، ئۈچىنچىسى ۋاقىتلىق قوشنا بولۇپ بىللە ئولتۇرغان يا ماڭغان، بىللە سەپەر قىلغان يەنى ۋاقىتلىق هەمرا بولغان كىشىدۇر. بۇلارنىڭ هەممىسى ئىسلام ئەهكاملىرىنىڭ روهىغا ئاساسەن ياخشىلىق قىلىش، غەمخورلۇق ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا هەقلىقتۇر. ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها رىۋايەت قىلغان هەدىستە

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا جبرئىل قوشنىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى شۇنداق قاتتىق تەكىتلىدىكى مەن ئۇنى مىراسخورمۇ قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالدىم». يەنە ئەبى شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى»پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاللاھ بىلەن قەسەمكى

مومىن بولالمايدۇ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. كىم يا رەسۇلۇللاھ دەپ سورالغاندا: قوشنىسى يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم « دەپ جاۋاپ بەردى. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «قوشنىسى ئاچ ياتسا ئۆزى قورسقىنى تويغۇزۇپ يۈرگەن ئادەم مومىن ئەمەس.» بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: بىر ئايال بار ناماز ئوقۇيدۇ, روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقە ئېھسان قىلىدۇ ئەمما تىلى بىلەن قوشنىلىرىغا ئازار بېرىدۇ, رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايال جەھەننەمى دېدى. يەنە دىشى:بىر ئايال بار ناماز ئوقۇيدۇ, ۋە سەدىقە بېرىدۇ, ھېچكىمگە ئازار بەرمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايال جەننەتتي دېدى. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام»ئەي ئابازەر شورپا سالساڭ سۈيىنى كۆپرەك قىلغىن ۋە قوشنىلىرىڭغىمۇ نېسىۋىسىنى بەرگىن» دېدى. بىر قېتىم مۇنداق دېگەن»ئەگەر قوشناڭ سىنى ياخشى دىسە سەن ياخشى, ئەگەر ساڭا قوشناڭنىڭ قارىشى ياخشى بولمىسا سەن ياخشى ئەمەس». قىسقىسى ئىسلام بىر- بىرسىنىڭ قوشنىسى بولغان ھەممە كىشلەرنىڭ ئۆز- ئارا بىر- بىرسىگە غەمگۇزار, خاپىلىق ۋە خوشلىقلىرىغا شېرىك ھالەتتە بولۇشنى خالايدۇ.

ئىسلام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممە بىر- بىرىگە ئىشىنىدىغان, بىر- بىرىنىڭ جېنى, ملى ۋە ئابروينى قوغدايدىغان پۇختا ۋە قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ. ئاي- يىل ئۆتۈپ كەتسە بىر-بىرسىدىن ئەھۋال سوراشمايدىغان ، بىر مەھەللىدە تۇرۇپ ئۆز- ئارا خەير- خاھلىق، ياردەم قىلىشمايدىغان ۋە بىر- بىرسىگە ئىشىنىش بولمىغان بۇنداق قوشندارچىلىق ھەرگىزمۇ ئىسلامى قوشندارچىلىق ئەمەس.

بۇ يېقىن مۇناسىۋەتلەردىن كېيىن دائىرىسى ئۇنىڭدىنمۇ زۇرۇر بولغان پۈتۈن جەمئىيەتكە تارقالغان ئىسلامى جامائەتچىلىك مۇناسىۋىتىدۇر. مۇشۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە ئىسلام بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى تۈۋەندىكى ئۇسۇل- پىرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرىدۇ.

(1)ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار, گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار. ( سۈرە مائىدە 10- ئايەت).

(2) ( ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. (سۈرە ئال ئىمران -111 ئايەت)

(3) دوستلىشىش ۋە دۈشمەنلىشىش ئاللاھ ئۈچۈن، بىر نەرسە بېرىش ۋە بەرمەسلىك ئاللاھ ئۈچۈن بولسا ئاندىن ئىمان كامىل بولغان بولىدۇ. ( ھەدىس )

(4) بىر- بىرىڭلاردىن يامان گۇمان قىلماڭلار، بىر- بىرىڭلارغا جاسۇسلۇق قىلماڭلار، چېقىمچىلىق قىلماڭلار، ھەسەتخورلۇق، ئۆچ- ئاداۋەت قىلىشماڭلار. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۆز- ئارا قېرىنداش بولۇپ ياشاڭلار. ( ھەدىس )

(5) كىمكى زالىملىقنى بىلىپ تۇرۇپ كۈچەيتىش (ياردەم بېرىش) ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ماڭسا ئۇ ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ( ھەدىس )

(6) كىمكى ناھەق ئىشتا ئۆز قەۋمىگە ياردەم قىلسا ئۇ خۇددى تۆگىسى ھاڭدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ قالسا چۇلۇۋۇرىغا ئېسىلىپ بىللە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. ( ھەدىس )

(7) ئۆزەڭلار نېمىنى ياخشى كۆرسەڭلار قېرىنداشلىرىڭلارغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرمىگىچە مومىن بولالمايسىلەر. ( ھەدىس )



www.merifet.net

# ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادى نىزامى

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ئىقتىساد ئىشلىرىنىڭ ھەق، ئادىل ۋە راستچىللىقتا بىر نەچچە ئۇسۇل ۋە بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى. مال- مۈلۈكنىڭ كىلىپ چىقىشى، ئىشلىتىلىشى ۋە كۆپەيتىلىشى قاتارلىق سىستېمىلارنى سىزىپ بىرىلگەن خەرىتە بويىچە يۈرگۈزۈشنى بۇيرىدى. مال- مۈلۈكنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى قانداق بولسۇن ئىسلام بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ ئۇسۇللار بولسا زامانىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنى ۋاقىت ۋە مۇھىت ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

ئىسلام ھەر زامان ۋە ھەر ھالەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىقتىساد ئىشلىرى قايسى شەكىلدە بولسۇن بۇ ئۇسۇللارنىڭ مۇقىم تۇرىشىنى ۋە بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشىنى خالايدۇ.

## ئىگىدارچىلىق ھوقوقى

ئىسلامى نوقتىئىنەزەر دىن ئىلىپ ئېيتقاندا ئالالاھتائالا زىمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانلار ئۈچۈن ياراتقان. مۇشۇ زىمىندىن ئۆز رىزقىنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش ھەر ئىنساننىڭ ھەققىدۇر. بۇھوقۇقتا ھەممە ئىنسانلار باراۋەر ھەقدار ۋە شىرىك بولۇپ ھېچكىمنى بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھوقۇقتا بىرسىدىن يەنە بىرسىنى ئارتۇق كۆرۈشكىمۇ بولمايدۇ. بىرەر شەخس، نەسەپ يا تەبىقىگە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ بەزىسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى يوق دەپ ياكى بەزى ھۈنەر-كەسىپلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ دەپ چەكلىمە قويۇشقا بولمايدۇ. بەزى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ۋە كەسىپلەرنى بىر ئائىلە، نەسەپ ياكى تەبىقىگىگە ئالاھىدە خاس قىلىپ باشقىلارنى بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىش قانۇنىدىمۇ توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ ياراتقان زىمىندىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ رىزقىنى تېپىپ يېيىشكە تىرىشىش ھەممە ئىنساننىڭ ئوخشاش ھەققىدۇر. بۇ تىرىكچىلىكنىڭ يولى ھەممىگە ئوچۇق بولىشى كىرەك. تەييارلاش ۋە ياساشقا ھېچبىر ئىنساننىڭ قابىلىيتى ياكى ئەمگىكىسىز پەيدا بولغان تەبىئى نېمەتلەردىن ھەر بىر كىشى ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ پايدىلانسا بولىدۇ. مەسىلەن: دەريا ۋە بۇلاقنىڭ سۇلىرى، جاڭگاللىدىكى ئوتۇن-ياغاچلار، زىمىندا ئىگىسىز ئۆسۈپ قالغان دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى، ئۆت-چۆپلەر، سۇ، ھاۋا، تاغ باياۋانلاردىكى ھايۋانلار، ۋە زىمىن ئۈستىدىكى كان قاتارلىقلارغا بىر كىمنىڭ باشقۇرىۋېلىش ۋە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بولمايدۇ. ھەقسىز پايدىلىنىشقا چەكلىمە قويۇلمايدۇ. ئەمما تىجارەت مەقسىتىدە بۇ نەرسىلەردىن كۆپ مىقداردا ئىلىم-سېتىم قىلغانلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن باج قويۇلىدۇ.

ئاللاھتائالا ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي بىسىپ يېتىۋېلىش توغرا ئەمەس. يا ئۆزى پايدىلىنىش كىرەك ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بىرىش كىرەك. شۇنىڭغا ئاساسەن

ئىسلام قانۇنى شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇكى ھېچكىمنىڭ زىمنى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق بىكار ئاق تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ زىمنغا قۇرۇلۇش قىلماي، ئۆسۈملۈك تىرىماي ياكى ھېچقانداق بىر ئىشقا ئىشلەتمىسە ئۈچ يىل توشقاندىن كىيىن ئۇ زىمىن تاشلاندۇق زىمىن قاتارىغا ئۆتۈپ كىتىدۇ. كىم كىلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئىگىسىنىڭ دەۋا قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئىسلامى ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئۇنى ئەسلى ئىگىسىدىن باشقا كىمگە ھۆكۈم قىلىپ بىرىش ئۆز ئىختىيارىدا بولىدۇ.

كىمكى تەبىئەت خەزىنىسىدىكى ھەر قانداق بىر نەرسنى قابىلىيتى ۋە ئەمگىكى ئارقىلىق ئەجىر قىلىپ بىر نەرسە ياسىسا ياكى ئىشلەتكىلى بولىدىغان قىلسا ئۇنەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ۋە ئىگىسى بولىدۇ. مەسلەن: بىر ئادەم بىكار يەرنى ئىچىپ پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە ئۇ يەر ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مۈلكىگە ھېچكىم دەخلى تەرۇز قىلالمايدۇ. ئىسلامى نەزەرگە ئاساسەن دۇنيادىكى بارلىق ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ باشلىنىشى شۇنداق بولغان. بۇرۇن ئىنسانلار زىمىندا ئولتۇراقلىششقا باشلىغاندا ھەممە نەرسە ھەر كىم ئۈچۈن ھەقسىز ئىدى. كىم بۇ ھەقسىز نەرسلەرنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئىلىپ پايدىلىنىشقا يارايدىغان قىلغاندىن كىيىن ئۇنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان. يەنى ئۇ نەرسە شۇ كىشى ئۈچۈن خاس بولۇپ باشقىلار ئىشلەتمەكچى بولسا ئۇنىڭدىن ھەق تەلەپ قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىقتىساد پائالىيەتلىرىنىڭ تەبئىي ئاساسى بۇ ئاساس ئۆز ئورنىدا تۇرۇشى كىرەك.

كىمكى دۇنيادا توغرا قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىرىشكەن بولسا ئۇنىڭ ھوقۇقى ھەر ھالەتتە ھۆرمەتلىنىشى ۋە قوغدىلىشى كىرەك. ئەگەر مۇنازىرلىشىدىغان ئىش بولسا پەقەت بۇ ئىگىدارچىلىق قانۇنى جەھەتتىن توغرىمۇ ياكى خاتامۇ دىگەن ماۋزۇدا مۇنازىرە قىلىشقا بولىدۇ. قانۇنسىز يوللار بىلەن ئىگەللىۋالغان زىمىن بولسا ئۇنى تارتىۋلىش كىرەك. ئەمما قانۇنلۇق توغرا يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئىگىدارچىلىق بولسا ھەر قانداق ھۆكۈمەت ۋە قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرىنىڭ ئۇنى تارتىۋلىش ياكى ئىگىلىرىنىڭ قانۇنى ھوقۇقلىرىنى ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن كىمەيتىۋتىش ھەققى يوق. ئامىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دىگەن نام بىلەن ئىسلام شەرىئتى بەرگەن شەخسى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەر قانداق تۈزۈم پىلانلاشقا بولمايدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتنى دەپ شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا دەخلى تەئەررۇز قىلماسلىقنى شەرىئەت ئۆزى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭدىن كىمەيتىۋتىش قانچىلىك زۇلۇم بولغان بولسا ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇشمۇ زۇلۇمدۇر. ئىسلامى ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرى كىشلەرنىڭ شەخسى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلاردىن ئامىمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنىنى ئىلىشتۇر. مانا بۇ ئىسلامنىڭ شەخسى ۋە كوللىكتىپ ئىگىدارچىلىقنى قانداق تەڭشىگەنلىكى.

باراۋەرلىك مەسلىسى

ئاللاھتائالا نېمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتا باراۋەرلىكنى ئاساس قىلمىغان. بەلكى ئۆز ھىكمىتى بىلەن بەزى ئىنسانلارغا بەزىسىدىن ئارتۇق بەردى. مەسىلەن: گۈزەللىك، يېقىملىق ئاۋاز، تەن ساقلىق، جىسمانىي كۈچ، زېھنى قابىلىيەت ۋە تۇغۇلۇش قاتارلىقلاردا ھەممەيلەن باراۋەر ئەمەس. شۇنىڭدەك رىزىقمۇ بەزىسىگە كۆپ بەزىسىگە ئاز بېرىلگەن.

ئاللاھ ياراتقان تەبىئەتنىڭ ئۆزى ھەم ئىنسانلارنىڭ باشقا قابىلىيەتلەرگە ئوخشاش رىزىق جەھەتتىمۇ پەرقلىق بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلامى نۇقتىنەزەر بويىچە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياسالما ئىقتىسادىي باراۋەرلىك قۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن تەدبىرلەر غايە ۋە ئۇسۇل جەھەتتە خاتا دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام رىزىق جەھەتتىكى باراۋەرلىككە ئەمەس بەلكى رىزىقنىڭ يوللىرى ۋە رىزىقنى ھاسىل قىلىشتىكى تىرىشچانلىقنىڭ پۇرسەتلىرى جەھەتتىكى باراۋەرلىككە قايىل. ئىسلام جەمئىيەتتە ھەر كىم ئۆز قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىغا يارىشا تىرىكچىلىك ۋە كەسىپ قىلىشنى چەكلەيدىغان قانۇن بولماسلىقنى خالايدۇ. يەنە بەزى نەسەپ، تەبىقە، ئائىلەرنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق بەخت-تەلىينى قانۇن جەھەتتىن قوغدىشنى ئىسلام خالىمايدۇ. مانا بۇ ئىككى ئۇسۇل تەبىئىي باراۋەرسىزلىكنىڭ ئورنىغا مەجبۇرى بىر ياسالما باراۋەرسىزلىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئىسلام ئۇنداق ياسالما باراۋەرسىزلىكنى يوقۇتۇپ ئورنىغا مەجبۇرى بىر ياسالما باراۋەرسىزلىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئىسلام ئۇنداق ياسالما باراۋەرسىزلىكنى يوقۇتۇپ ئورنىغا جەمئىيەتتە ھەر شەخسكە تىرىكچىلىك پۇرسەتلىرى كەڭرى ئېچىلغان تەبىئى ھالەتكە ئېلىپ كېلىشنى خالايدۇ. ئەگەر بەزى كىشىلەر تىرىشىش ۋاستىلىرى ۋە نەتىجىسى جەھەتتە ھەممە ئادەم مەجبۇرى باراۋەر قىلىنىشنى خالايدۇ، ئەمما ئىسلام بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ( ئۇسۇللار) تەبىئى باراۋەرسىزلىكنى ياسالما باراۋەرلىككە ئۆزگەرتىشنى خالايدۇ.

تەبىئىلىككە ئەڭ يېقىن نىزام شۇكى ھەركىم تىرىكچىلىك مەيدانىدا ئۇنى ئاللاھتائالا قايسى قابىلىيەت ۋە ھالەتتە ياراتقان بولسا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا يارىشا ئىش قىلىشتۇر. مەسىلەن: كىمگە ماشىنا بېرىلگەن بولسا ئۇ ماشىنىسى بىلەن ماڭسۇن، ئىككى پۇتىدىن باشقا نەرسىسى بولمىسا پىيادە ماڭسۇن. كىمكى ھاسا-تاياق بىلەن ماڭىدىغان توكۇر بولسا ھاسا-تاياق بىلەن ماڭسۇن. ماشىنىسى بار كىشىنىڭ داۋاملىق ماشىنىدا يۈرۈشنى قوللاپ، توكۇرنىڭ ماشىنىغا ئېرىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك. ھەممىگە ئىمكانىيەت تولۇق بولىشى كېرەك. توكۇر ھاسىسى بىلەن مېڭىپ ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە قابىلىيتى بىلەن ماشىنىغا ئېرىشەلەيدۇ. ماشىنىسى بار كىشى ئۆزىنىڭ نائەھلىلىكىدىن ھاسا-تاياققا چۈشۈپمۇ قالىدۇ.

## ئىجتىمائىي ئادىللىق

ئىسلام پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تىرىكچىلىك مۇسابىقىسى ۋە ئىقتىسادى رىقابەتكە قاتنىشىش

يوللىرى ھەممىگە ئايدىڭ بولسۇن دەپ بولدى قىلماستىن بۇ مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار بىر- بىرىگە رەھىمدىل ۋە ياردەمچى بولسۇن، رەھىمسىز، قاتتىق قول بولمىسۇن دەيدۇ. بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئىگىگە ئىگە- چاقىسىز، يېتىم- يېسىرلارغا ياردەم قوللىرىنى سۇنۇش توغرىسىدا ئەخلاقى تەلىماتلارنى سىڭدۈرسە يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە بىر مۇقىم داۋاملىق يېتىم-يېسىر، مىسىپ، ئىگە- چاقىسىز ئاجىزلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان پاراۋانلىق ئىدارىلىرىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ تىرىكچىلىك كۆرىشىگە قاتنىشالمىغان بىچارىلەر شۇنداق ئىدارىلەردە پاناھلانسۇن. تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي يىقىلىپ چۈشكەنلەر بولسا بۇ ئىدارە يۆلەپ قويسۇن. بۇ مەيدانغا چۈشۈشكە ياردەمگە مۇھتاج بولغانلار بولسا ياردەم قىلسۇن دەيدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە ئىسلام قانۇنىنىڭ روھىغا ئاساسەن شۇنداق بەلگىلىدىكى ھەر يىلى دۆلەتنىڭ ئومۇمى بايلىقىدىن 2.5% شۇنىڭدەك تىجارەت مېلىدىن 2.5% زاكات ئېلىش، بارلىق ئۆشرىلىك يەرلەردىن چىققان دانلار ۋە مېۋىلەردىن 10% پىرسەنت يا بەش پىرسەنت ۋە بەزى كان بايلىقلىرىدىن 20% ، يەنە چارۋا ماللاردىن سانىغا قاراپ يىللىق زاكات ئېلىپ بارلىق توپلانغان پۇل-ماللارنى پېقىر-مىسكىنلەر، يېتىم-يېسىرلار، مىسىپ ۋە باشقا ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بۇيرىدى. بۇ شۇنداق ئىجتىمائىي ئىستىراخۇۋانىيە كاپالىتى بولۇپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى نەتىجىسىدە ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ھەر قانداق كىشى ھاياتىنىڭ مۇھىم زۆرۈرىيەتلىرىدىن ھەرگىز مەھرۇم بولۇپ قالمايدۇ. ھەرقانداق بىر خىزمەتچى يوقسۇزلىقتىن خىزمەتتىكى زاۋۇت باشلىقى يا زېمىن ئىگىسىنىڭ قويغان يولسىز شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمايدۇ. يەنە ھەر قانداق كىشىنىڭ كۈچى ئىقتىسادى كۆرەشكە قاتنىششقا زۆرۈر بولغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدىن تۆۋەنلەپ كېتىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئىسلام شەخس بىلەن ئومومنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەركىمنىڭ شەخسى ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بەرقارار تۇرىدىغان، ئومومنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەركىنلىكى زىيانغا ئۇچرىمايدىغان بەلكى پايدىلىق بولغان بىر ئۆلچەم تۇرغۇزۇشنى خالايدۇ. ئىسلام ئومومنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ شەخسنىڭ ھوقۇقىنى ھەزىم قىلىۋېتىلغان، ۋە شەخسنىڭ تۇغما قابىلىيەتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەركىنلىكىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ھەر قانداق سىياسى ۋە ئىقتىسادى نىزامنى ياخشى كۆرمەيدۇ. قايسى بىر دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى خەلقنىڭ مۈلكى قىلىپ قويۇشنىڭ نەتىجىسى دۆلەتتىكى بارلىق كىشىلەرنى ئومومنىڭ ئىسكەنجىسىگە باغلاپ قويغانلىق بولۇپ بۇ ھالەتتە شەخسنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە ئالغا ئىگىرلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ بەلكى مۇمكىن بولمايدۇ. شەخس ئۈچۈن سىياسى ۋە ئىجتىمائىي ئەركىنلىك قانچىلىك زۆرۈر بولغان بولسا ئىقتىسادى ئەركىنلىكمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز ئادىمىگەرچىلىكنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشنى خالىمايمىز پەقەت جەمئىيەتتە ھەر بىر ئاللاھنىڭ بەندىسى ئۈچۈن ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشكە پۇرسەت بولىشنى، ئەقلى ۋە ئەخلاقى قابىلىيەتلىرىنى خالىغانچە جارى قىلدۇرۇشقا شەرت -شارائىت بولىشنى خالايمىز. ھەقىقەت شۇكى ئاچقۇسى باشقىلارنىڭ قولىدا بولغان چەكلىك مائاش بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلى تىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ مائاشنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ قوساقنى تويغۇزۇپ بەدەننى سەمرىتسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىك ۋە باشقىلارغا بېقىنىپ

قىلىشتىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام كىشىلەرنى يۈگەنسىز ئەركىن ئازات تاشلىۋەتمىدىغان، خالىغىنىنى قىلىپ خەلققە زىيان يەتكۈزسە ئەركىنلىك دەپ قارايدىغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى تۈزۈملەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئىسلام مۇشۇ ئىككى چەكلە ۋە ئەركىنلىك ئوتتۇرىسىدا بىر يول تۇتقان بولۇپ باشتا شەخسكە ئامىغا قارىتا بىر نەچچە چەكلىمە ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئارتىپ ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىشىدا ئەكىن قويۇپ بېرىدۇ. بۇ چەكلىمە ۋە مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىنى بۇ يەردە تەپسىلى بايان قىلىشقا ئورۇن يوق شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇننى بايان قىلىمەن.

## مەجبۇرىيەت ۋە چەكلىمەلەر

باشتا تۇرمۇش ۋە مەئىشەت يوللىرىنى ئالايلى. ئىسلام پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ ھالال ۋە ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىنى شۇنداق ئىنىق ئايرىپ بەردىكى دۇنيادىكى ھېچقانداق قانۇن ئۇنداق ئىنىق ئايرىغان ئەمەس. ئىسلام بىر ئادەم باشقىلارغا ۋە يا پۈتۈن جەمئىيەتكە ماددى يا مەنىۋى، ئەخلاقى يا ئىقتىسادى جەھەتتىن زىيان يەتكۈزۈپ پۇل تاپىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى ھارام دەپ بەلگىلەيدۇ. ئىسلام شەرىئەتى ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىش، ئېلىپ-سېتىش، پاھىشە، ناخشا-ئۇسۇل بىلەن جان بېقىش، قىمار، رەمباللىق، جازانىخورلۇق، ئالدامچىلىق، قويىمچىلىق، ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىگە پايدا جەزمەن بولىدىغان كۆز بويامچىلىق تىجارەتلىرى ۋە كۆندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرىۋېلىش، قاتارلىق جەمئىيەتكە قايسى بىر جەھەتتىن زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قەتئى ھارام قىلدى. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەردىن سىز ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈمگە دىققەت بىلەن ئانالىز قىلىدىغان بولسىڭىز بىر ئۆزۈن تىزىملىك كۆزىڭىزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇ تىزىملىكتە نۇرغۇنلىغان ھارام يوللار بولۇپ ھازىرقى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاستىدا كىشىلەر شۇ يوللار بىلەن مىليونىر بولماقتا. ئىسلام بۇ ھارام يوللارنى قانۇنى جەھەتتىن ھارام دەپ چەكلەيدۇ. ئىسلام كىشىلەرگە پەقەت باشقىلارنى ھەقىقى رازى قىلىپ، ئىشنى قىلىپ بېرىپ ئادىللىق بىلەن ھەققىنى ئالىدىغان توغرا يوللار ئارقىلىق پۇل تېپىش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ.

ئىسلام ھالال يوللاربىلەن تاپقان پۇل-ماللارغا قارىتا شەخسى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ ھوقۇقمۇ چەكسىز بولمايدۇ. ھالالدىن تاپقان مال-مۈلۈكنى توغرا ۋاستىلەر ئارقىلىق توغرا يوللارغا ئىشلىتىشكە بەلگىلىمە قويىدۇ. شۇنداق بەلگىلىمە ۋە چەكلىمەلەرگە بويسۇنۇش ئارقىلىق ئىنسان پاك ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بۇ چەكلىمەلەر ئۇنى پۇل-مالنى ھەددىدىن زىيادە سەرپ قىلىش، ئەيش-ئىشرەتكە ئىشلىتىش ۋە ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە شان-شەۋكىتىنى كۆز-كۆز قىلىپ ئۆزىنى ھەممىدىن

ئۈستۈن كۆرۈپ باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈشتىن توسىدۇ. پۇل-مالنى ئىسراپ قىلىشنىڭ بەزى شەكىللىرىنى ئىسلام قانۇنىدا ئوچۇق ھارام دەپ بەلگىلىگەن بولۇپ بەزى شەكىللىرىنى ئوچۇق ھارام دىمىسىمۇ ئىسلامى ھۆكۈمەتكە دۆلەت ئىچىدە ناتوغرا ئىسراپچىلىقلارنى توسۇشقا ھوقوق بېرىلگەن.

توغرا يوللار بىلەن تاپقان مال-مۈلۈكنى دۇرۇس ئىشلارغا خەجلىگەندىن كىيىن ئاشقىنىنى توپلاپ ساقلىسىمۇ، كۆپەيتىش ئۈچۈن باشقا كەسىپ تىجارەتلەرگە دەسمى قىلىسىمۇ بولىدۇ. لىكىن بۇ ئىككى ھوقۇقتىمۇ چەكلىمە بار؛ جەمئىي قىلىپ توپلىغان مالغا ھەر يىلى ئۈلچەمدىن ئاشقان زاكاتنى بېرىش كېرەك. تىجارەتكە دەسمايە سالماقچى بولسا پەقەت توغرا تىجارەتكە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. توغرا تىجارەت ئۆزى قىلىدىغان بولسۇن ياكى باشقا بىرسىگە ئۆزىنىڭ دەسمىسى بىلەن پۇل، يەر ۋە ماشىنا سايمانلارنى بېرىپ پايدا زىيىنىغا شېرىك بولىدىغان بولسۇن ھەر ئىككىلىسى توغرىدۇر. كىمكى مۇشۇ چەك- چېگرا ئىچىدە تۇرۇپ مىلىيونىر بولۇپ كەتسىمۇ ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ھىچقانداق خاتالىق ھىساپلانمايدۇ. بەلكى ئۇنى ئاللاھتائالانىڭ بەندىسىگە قىلغان ئىنئامى ۋە نىئمىتى دەپ ھىساپلايدۇ. لىكىن ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىككى شەرتنى قويىدۇ. بىرىنجىسى، تىجارەت مىلىغا زاكات، زىرائەتتىن ئالغان مەھسۇلاتلارغا ئۆشرە ئادا قىلىش. ئىككىنجىسى، تىجارەتكە ياكى زىرائەتكە شېرىك بولغان ياكى مائاشقا ئىشلەيدىغانلارغا قارىتا مۇئامىلىدە ئادىل بولۇش ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئىنساپ بىلەن ئادا قىلىش ئەگەر ئۇ ئۇلارغا ئادىل بولمىسا ئىسلامى ھۆكۈمەت ئۇنى ئادىل بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

يەنە توغرا يوللار ۋە چەكلىمە ئىچىدە تاپقان مال- مۈلۈكنى ئۇزۇن مۇددەت باسۇرۇۋىلىشقا، توڭلىتىۋىلىشقا يول قويمايدۇ. بەلكى مىراس قانۇنى ئارقىلىق بىر ئەۋلاتتىن يەنە بىر ئەۋلاتقا تارقىتىپ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلە توغۇرلۇق ئىسلام قانۇنىنىڭ تۇتقان يولى دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق قانۇنلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.ئىسلام قانۇنى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا تاپقان مال- مۈلكىنى ئۇ ئادەم ئۆلگەندىن كىينلا دەرھال ئۇنىڭ يىقىن ئۇرۇق تۇققانلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر يىقىن ئۇرۇق تۇققانلىرى بولمىسا نەسەپ ياكى نەسلى تەرەپتىن تۇتۇشىدىغان يىراق تۇققانلىرىغا ئەگەر ئۇلارمۇ بولمىسا ئۇنىڭ مىراسى پۈتۈن مۇسۇلمانلار جەمئىيتىگە مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ مىراس قانۇنى ھەر قانداق كاپىتالىست ياكى پومىشچىكنىڭ قانۇنلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا يول قويمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى يۇقىرىدىكى شەرت ۋە بەلگىلىمىلەر مال- مۈلۈكنى باسۇرۇپ قويۇشتىن كىلىپ چىقىدىغان ھەر يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# ئىسلام دىنىنىڭ روھانى نىزامى

ئىسلام دىنىنىڭ روھانى نىزامى دىگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن نىزامى بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟ بۇ سوئالغا جاۋاپ بىرىشتىن ئىلگىرى روھانىيەتنىڭ ئىسلامى تەسەۋۋۇرى بىلەن باشقا دىن ۋە پەلسەپە تۈزۈملىرىدە مەۋجۇت بولغان تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم. بۇ پەرقنى ئېنىق ئايرىماستىن بۇ ماۋزۇغا كىرىپ كەتسەك كۆپىنچە ئىسلامنىڭ روھانىيەت نىزامى توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ ئادەمنىڭ زېھنىگە ئىختىيارسىزلا روھانىيەتنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن تەسەۋۋۇرلىرى كېلىۋالىدۇ دە بىز سۆزلىمەكچى بولغان ئىسلامدىكى روھانى تۈزۈمنىڭ زادى قايسى تۈردىكى روھانى تۈزۈم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ. ۋە روھنىڭ تونۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ ماددا ۋە جىسىم دائىرىسىگە كىرىپ ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تۈزۈم ئىكەنلىكى ئايان بولماي قالىدۇ.

روھ ۋە جىسىم كىرزىسى

دىن ۋە پەلسەپە ساھەسىدە روھ بىلەن جىسىم بىر-بىرسىگە زىت، ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ، بۇ بىر دۇنيا، ئۇ باشقا بىر دۇنيا، ۋە بىرسىنىڭ تەلىپى باشقا؛ يەنە بىرسىنىڭ تەقەززاسى بۆلەك دىگەن كۆز قاراش ئومۇملىشىپ كەلگەن. يەنە مۇشۇ كۆز قاراشقا ئاساسەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە تەرەققى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. روھ ئۈچۈن جىسىم ۋە ماددا بىر زىندانغا ئوخشاش. دۇنيا ھاياتىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ھۇزۇر-ھالاۋەتلەر ۋە لەززەتلىرىدە روھنىڭ تەرەققى قىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. دۇنيا ئىشلىرى كەسىپ، تىجارەت ۋە تۇرمۇش روھنىڭ تەرەققى قىلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار دەپ قاراپ كەلگەن. بۇ قاراشنىڭ نەتىجىسىدە ماددا ۋە روھ بىر-بىرسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىم بولدى. بۇ ئىككىسىنىڭ يول ۋە پىرىنسىپلىرىمۇ ھەر خىل بولدى. ماددىزىم يولىنى تۇتقانلار دەسلەپكى قەدەمدىلا روھانىيەتنىڭ بۇ يول بىلەن بىرلىشەلمەيدىغانلىقىدىن مەيۇسلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماددا پەرەسلىككە چۈمۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە مەدەنىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە باشقا ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىقلار روھانىيەت نۇرىدىن خالى قالدى. ئاخىرى زىمىن زۇلۇمغا توشۇپ كەتتى.

ئەمما روھانىيەت يولىنى تاللىغانلار ئۆز روھلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن دۇنيانىڭ سىرتىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى. دۇنيا ئىشلىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە روھنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن دۇنيا ھاياتى ئىشلىرى ئىچىدە يول يوق ئۇلار روھنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرىش ئۈچۈن جىسمنى قۇربان قىلىش كېرەك دەپ قاراپ ، جىسمنىڭ تەلەپ- خاھىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار نەپسنى ئۆلتۈرىدىغان، جىسمنى ھىسياتسىز بىر نەرسە قىلىپ قويىدىغان جاپالىق جىسمانى ھەركەتلەرنى ئىجاد قىلغان. روھنى تەربىيلەش ئۈچۈن شەھەر تۇرمۇشىدىن يىراق، دۇنيا ئىشلىرىدىن،

تۇرمۇش غەۋغالىرىدىن ئالاقسىنى ئۆزۈپ، تاغلار، غار-ئۆڭكۈرلەر ۋە جاڭگاللارغا كىرىپ كەتكەن. ئۇلارغا روھنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا بۇنىڭدىن باشقا يول كۆرۈنمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ماددى دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ھەرقانداق تۇققانلىق مۇناسىۋەت، ئالاقە ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋازكېچىپ تەركى دۇنيا بولۇپ كەتكەن.

ئاندىن جىسىم ۋە روھ ئوتتورىسىدا بۇ زىددىيەت ئىنسانلاردا بىر-بىرسىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل چۈشەنچە ۋە غايىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سىڭدۈردى.
نەتىجىدە بىر تەرەپ ماددا پەرەسلىكنىڭ ۋايىغا يېتىشىنىڭ چۈشەنچىسى شۇ بولدىكى ئىنسان پەقەت ماددى نېمەتلەردىنلا ھوزۇرلىنىدىغان بولۇپ ئۇنىڭ غايىسى ئىنسان بىر گۈزەل قۇش، بىر چىرايلىق بىلىق، بىر ياخشى ئات ۋە بىر ياۋايى يىرتقۇچ بۆرە بولۇشتىن ئىبارەت. يەنە بىر تەرەپتە روھانى ھاياتنىڭ كامالەتكە يېتىشىنىڭ چۈشەنچىسى شۇ بولدىكى ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئي قۇدرەت دائىرىسىدىن ھالقىغان بىر كۈچكە ئىگە بولۇشى بولۇپ ئۇنىڭ غايىسى ئىنسان يىراقتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدىغان سىمسىز رادىئو ئاپپاراتى، يىراقنى كۆرىدىغان تېلىسكوپ، يا ئۇنىڭ بىر نەزىرى ۋە لەۋزى (سۆزى) كېسەللەرنى ساقايتىۋېتىدىغان شىپاخانىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان بولۇشى بولۇپ قالغان.

## روهاني تەرەققىياتنىڭ ئۆلچىمي

بۇ ھەقتە ئىسلامنىڭ نۇقتىئىنەزىرى باشقا دۇنيادىكى بارلىق دىنى ۋە پەلسەپە تۈزۈملىرىنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئاللاھتائالا ئىنسانى روھنى زىمىندا ئۆزىنىڭ خەلىپىسى قىلىپ بەلگىلەپ ئۇنىڭغا بەزى ھوقوق، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى زىممىسىگە يۈكلىدى. ئۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا قەددى-قامەت ئەڭ مۇناسىپ جىسىم ئاتا قىلدى. بۇ جىسىمغا روھنى ئاتا قىلىشتىكى مەقسەتمۇ بىرىلگەن ھوقۇقنى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئىشلىتىشتۇر. شۇڭا جىسىم روھنىڭ تۇرمىسى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ كارخانا يا زاۋۇتىدىن ئىبارەت. ئەگەر روھنىڭ تەرەققى قىلىشى مۇمكىن دېيىلسە پەقەت ئۆزىنىڭ سالاھىيتى بىلەن شۇ زاۋۇتتىكى ئۈسكۈنلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدۇ. خۇلاسە بۇ دۇنيا روھنى ئازاپلايدىغان ۋە جازالايدىغان لاگىر ئەمەس بەلكى بۇ بولسا ئەمەل مەيدانى. تىرىشىش ۋە كۆرەش قىلىش ئورنى بولۇپ ئاللاھتائالا ئۇنى مۇشۇ ساھەدە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئەۋەتكەن.  بۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغا بەردى. بۇ خەلىپىلىك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىنسانلارنى ياراتتى. تەبىئەتنىڭ تەلىۋى ۋە تەقەززاسى بىلەن مەدەنىيەت، ئىجتىمائىييەت، ئىقتىساد ۋە سىياسەت قاتارلىق باشقا ھاياتنىڭ مۇھىم شۆبىلىرى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ يەردە روھانىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى مومكىن بولىدىغان بولسا كىشى بۇ كارخانىدىن يۈز ئۆرۈپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرىۋىلىشتا ئەمەس بەلكى بۇ كارخانىنىڭ ئىچىدە

تۇرۇپ ئۆز سالاھىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇمكىن بولىدۇ. خۇددى بۇ دۇنيا بولسا ئىنسان ئۈچۈن بىر ئىمتىھان مەيدانى. ھاياتتىكى ھەر بىر باسقۇچ ۋە ساھە بولسا ئىمتىھان سۇئاللىرىدىن بىر سۇئال: ئۆي، مەھەللە، بازار، ئىدارە، كارخانا، زاۋۇت، مەكتەپ، سوت مەھكىمە، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرى، ئارمىيە، پارلېمېنت، قۇرۇلتاي ۋە جەڭ مەيدانى ھەممىسى ئىنسانغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن ھەر خىل پەنلەرنىڭ سۇئاللىرىدىن ئىبارەت. بۇ سۇئاللاردىن بىرسىنى يا كۆپىنچىسىنى ئاق قالدۇرغان، جاۋاپ بەرمىگەن ئادەمنىڭ نەتىجىسى نۆل بولماي نېمە بولماقچى؟ مۇۋاپپەقىيەت ۋە تەرەققى قىلىش پەقەت پۈتۈن ۋاقتى ۋە دىققىتىنى ئىمتىھان بېرىشكە مەركەزلەشتۈرگەندە ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەممىسگە جاۋاپ بېرىشكە تولۇق تىرىشقاندا ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ.

ھەمدە ئىسلام ھاياتلىقنىڭ راھىبانە تەسەۋۋۇرىنى رەت قىلىدۇ. ۋە ئىنسان ئۈچۈن روھنىڭ تەرەققى قىلىشىنىڭ يولىنى دۇنيانىڭ سىرتىدىن ئەمەس بەلكى ئىچىدىن چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە روھنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەرەققى قىلىشى ۋە بەخت-سائادىتىنىڭ ئەسلى ئورنى ئەملى ھاياتنىڭ ساھەسى، سىرتى ئەمەس.

ئەمدى بىز ئىسلام كۆز ئالدىمىزغا روھنىڭ تەرەققىيات چوققىسىغا قانداق ئۆرلىشى ۋە تۆۋەنلىشىنىڭ قانداق ئۆلچەملىرىنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا قارىشىمىز لازىم. بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى خىلاپەت خەلىپىلىكنىڭ مەنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ ئۇنى مەن بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. خەلىپە ( ئورونباسار) بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى بارلىق ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋاپكار. زىمىندا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ۋاستىلەرنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا مۇۋاپىق ئىشلىتىشتۇر. يەنە ئۇنىڭغا بېرىلگەن قابىلىيەت ۋە سالاھىيەتلەرنى ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىششكە كۆپتىن-كۆپ سەرپ قىلىشتۇر. باشقا كىشلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان مۇئامىلە ۋە پوزىتسىيىدە بولۇشتۇر. ئومومەن ئۆزىنىڭ بارلىق كۈرەش ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى زىمىندا ئىسلاھ قىلىش ۋە زىمىن ئەھلىنىڭ ھاياتلىق نىزاملىرى ئاللاھ رازى بولغىدەك ئىسلاھ قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئىنسان نەقەدەر ئىنتىزامچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، ئىتائەت-پەرمانبەردارلىق ۋە ئىگىسىنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ بىجا كەلتۈرسە شۇ قەدەر ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ. ئاللاھقا يېقىن بولۇش ئىسلامنىڭ نەزىرىدە روھانى تەرەققىيات دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە ئۇ قانچىلىك ھورۇنلۇق، بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئىتائەتسىزلىك ۋە ناپەرمانلىق قىلسا شۇنچىلىك ئاللاھدىن يىراقلىشىدۇ. ئاللاھدىن يىراقلىشىش ئىسلامنىڭ نەزىرىدە روھانى چۈشكۈنلىشىش ۋە چېكىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەرھدىن ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە دىندار ۋە دۇنيادار ھەرئىككىلىسىنىڭ ئەمەل قىلىش دائىرىسى بىر لا بولغانلىقى ئېنىق ئايان بولىدۇ. ھەرئىككىلىسىنىڭ ئەمەل قىلىش مەيدانى بىردۇر. بەلكى دىندار ئادەم دۇنيادار ئادەمدىنمۇ ئارتۇق مەشغۇل بولۇپ كېتىپ قالىدۇ. دىندار ئادەم دۇنيادار ئادەمدىنمۇ مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ. ئائىلە



www.merifet.net

ئشلرىدىن باشلاپ بازار ۋە خەلقئارا قۇرۇلتايغىچە دۇنيادار ئادەمدىن دىندار ئادەم ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەرق ئۇلارنىڭ رەببى بىلەن بولغان ئالاقىسى. دىندار ئادەم پەرۋەردىگارى ئالدىدا جاۋاپكار بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىش قىلىدۇ. هەر بىر ئەمىلىدىن پەقەتلا ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھتائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىدۇ. دۇنيادار ئادەم هەرقانداق ئىش قىلسا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىدۇ. ئاللاھدىن بىهاجەت بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ نەپسى-خاهىشى بويىچە ئىش قىلىدۇ. مانا مۇشۇ پەرىق دىندارنىڭ پۈتۈن ماددىي هاياتىنى مۇكەممەل روهانى هاياتلىققا ئۆزگەرتىدۇ. دۇنيادارنىڭ پۈتۈن هاياتىنى روهانىيەت نۇرىدىن مەهرۇم قىلىدۇ. مەن سىلەرگە دۇنياۋىي هاياتلىقنىڭ ئىنساننىڭ روهانى تەرەققىياتىنىڭ يولىنى قانداق كۆرسىتىپ بىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## روهانىيەت يولى

بىرىنچى, باسقۇچى ئىماندۇر. ئىنساننىڭ قەلبى ۋە مىڭىسىدە "بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭدىن باشقا هاكىم يوق، ئاللاھ ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات." دېگەن ئوي- پىكىر ئورۇن ئىلىش لازىم. ئۇنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەقسىدى، ئاللاھنىڭ قانۇنىلا هاياتنىڭ قانۇنى. بۇ پىكىر قەلبىدىن مۇستەهكەم ئورۇن ئالىدىكەن ئوي- پىكىرلىرى ئىسلامىيلىشىدۇ ۋە روهانى تەرەققىيات تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ.

ئىككىنچى، باسقۇچى بويسۇنۇشتۇر يەنى ئىنسان ئەركىنلىكىدىن ۋاز كېچىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاللاهقا ئىتائەت قىلىشنى تاللايدۇ ۋە ئاللاهنى رەببىم دەپ ئىتقاد قىلىدۇ. بۇنى "قۇرئان كەرىم" ئاتالغۇسىدا ئىسلام دەپ ئاتايدۇ.

ئۈچىنچى، باسقۇچى تەقۋادارلىق. ئىنسان هاياتىدىكى هەر بىر باسقۇچتا ئۆزىنىڭ ئوي- پىكىر، سۆز ۋە ئىش- هەركەتلىرىدە ئاللاهقا هىساپ بىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىش قىلىش، ئاللاھ توسقان هەر قانداق ئىشتىن يىنىش، ئاللاھ بۇيرىغان هەر بىر ئىشنى جان- دىل بىلەن قىلىش، هۇشيارلىق بىلەن هالال- هارام، توغرا- خاتا ۋە ياخشىلىق- يامانلىقنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ مىڭىش لازىم.

تۆتىنچى، يۇقىرى باسقۇچى ئىهسان. ئىهساننىڭ مەنىسى بەندىنىڭ ئىختىيارى، ئاللاھنىڭ ئىختىيارى بىلەن بىرلىشىشى بولۇپ، ئاللاھ نىمىنى ياخشى كۆرسە بەندىمۇ شۇنى چىن- قەلبىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ نىمىنى يامان كۆرسە بەندىمۇ قەتئىي يامان كۆرىدۇ. ئاللاهِ زىمىندا كۆرۈشنى ياقتۇرمايدىغان يامانلىقلىرىدىن يەندە پەقەت ئۆزىنى ساقلاپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى دۇنيادىن يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچ- قۇۋۋەت ۋە ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئاللاهِ زىمىندا ئومۇملىشىشنى خالايدىغان ياخشى خىسلەتلەر بىلەن بەندە پەقەت زىننەتلەش بىلەن كۇپايە قىلماستىن بەلكى ۋۇجۇدى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىشقا،

كىشىيتىشكە تىرىشىدۇ. مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە بەندە پەرۋەردىگارىغا تىخىمۇ يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنسانىنىڭ روھانى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدۇر.

روھانى تەرەققىياتىنىڭ بۇ يولى پەقەت بىر نەچچە كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس بەلكى گورۇھلار ۋە قەۋملەر ئۈچۈندۇر. بىر شەخسكە ئوخشاش بىر قەۋمۇ ئىمان، ئىتائەت ۋە تەقۋادارلىقنىڭ باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ ئېھسانىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىگە يېتەلەيدۇ. بىر دۆلەتمۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن قانۇن- نىزاملىرى بىلەن مۆمىن مۇسۇلمان، تەقۋادار ۋە مۆھسىن بولالايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، پۈتۈن مىللەت مۇشۇ يول بويىچە مېڭىپ دۇنيادا تەقۋالىق ۋە ئېھسان بىلەن سۈپەتلەنگەن دۆلەت قۇرۇلغاندىلا ئىسلامنىڭ بۈيۈك غايىسى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

ئەمدى روھانى تەربىيەتنىڭ بۇ تۈزۈمىگە بىر نەزەر سېلىپ ئىسلامنىڭ كىشىلەر ۋە جەمئىيەتكە شۇنداق ئۇسۇلدا تەييارلاش ئۈچۈن تۈزگەن لاھىيەسىنى ئانالىز قىلىپ باقايلى. بۇ تۈزۈمنىڭ تۆت ئاساسى بار . ئۇلار:

## بىرىنچى ناماز

ھەر كۈنى بەش قېتىم ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى يادىغا كېلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ قورقۇنچىسنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى تىخىمۇ ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھغىلا تائەت- ئىبادەت قىلىدۇ. ئومومى جەھەتتىن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ روھانى تەرەققىيات يولىغا ئاتلىنىش ئۈچۈن نامازنى يالغۇز ئوقۇماستىن بەلكى جامائەت بىلەن ئوقۇش پەرىز قىلىندى.

## ئىككىنچى روزا

ھەر يىلى مۇسۇلمان كىشلەرنىڭ بىر ئاي يېمەك- ئىچمەكتىن ۋە باشقا ئىشلاردىن توسۇلۇپ پەقەتلا پۈتۈن مېھرى بىلەن ئاللاھتائالاغا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتۇر.

## ئۈچىنچى زاكات

مۇسۇلمان كىشلەردە ئۆز- ئارا كۆيۈمچانلىق، ياردەملىشىش ۋە مال جەھەتتىن ئۆشرە ئايرىشنى كۆرستىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە كۆپ ساندىكى كىشلەرنىڭ ئېڭىدا زاكاتنى "باج" دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتتە زاكات بولسا باج دىگەن ئۇقۇمدىن يىراق بولۇپ ، زاكاتنىڭ ئەسلى مەنىسى كۆپىيىش ۋە ئايرىشتۇر. ئىسلام زاكات كەلىمىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ كاللىسىغا ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ " قېرىنداشلىرىڭغا ۋە باشقىلارغا ئىقتىساد جەھەتتىن ياردەم قىلساڭ روھى جەھەتتىن ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن پاك بولىسەن" دىگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

## تۆتنچى ھەج

ھەج دۇنيانىڭ جاي- جايلىرىدىن كەلگەن مۆئمىنلاردىن توپلانغان بىر خەلقئارالىق بۇرادەرلىك قۇرۇلتىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي ئۈلارنىڭ قىرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. ۋە بۈيۈك خەلقئارالىق ھەرىكەت قوزغايدۇ.

ئەسىرلەردىن بىرى ئالLاھقا ئىتائەت قىلىپ، ھەقنىڭ دەۋىتىگە لەببەيك دەپ كىلىۋاتىدۇ. ئالLاھ خالىسا بۈنىڭدىن كيينمۇ لەببەيك ساداسى مەڭگۈ ياڭراپ تۇرغۇسى!

**2005 يىلى 8 -ئاينىڭ 13 - كۈنى**



www.merifet.net